

# ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ISBN 978-7-228-09830-9

9 787228 098309 >

定价：15.00 元

1

# ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔民间歌谣. 1/《维吾尔民间文学大典》编委会编. - 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2006.2(2007.3重印)
(维吾尔民间文学大典)
ISBN 978 - 7 - 228 - 09830-9

Ⅰ.维… Ⅱ.维…Ⅲ.维吾尔族 - 民歌 - 作品集 - 中国 - 维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ.I277.291.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第010498号

策　　划：阿布都热合满.艾白
　　　　　艾合买提.伊明

责任编辑：艾合买提.伊明
责任校对：阿布勒孜.阿巴斯 等

**维吾尔民间歌谣 — 1**（维吾尔文）

《维吾尔民间文学大典》编委会 编

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐解放南路348号 邮编：830001)
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂印刷
880×1230毫米 32开本 9.625 印张 2插页
2006年 2月第1版　2007年3月第2次印刷
印数：4,001-6,000

ISBN 978-7-228-09830-9　定价：15.00元

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي
ئەخمەت ئىمىن

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس قاتارلىقلار


**ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى — 1**

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى
نەشرگە تەييارلىغان

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر، 32/1
باسما تاۋىقى: 9.625 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2006 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2007 ـ يىلى 3 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 4,001–6,000
ISBN 978-7-228-09830-9
باھاسى: 15.00 يۈەن

# ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي، ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن

ئۈرۈمچى
2006-يىلى

# مۇندەرىجە


**تارىخىي قوشاقلار** ........................ 1

سۇتۇق بۇغراخان ھەققىدىكى قوشاقلار........... 3

سادىر پالۋان قوشاقلىرى........................ 5

ئابدۇقادىر داموللا ھەققىدە...................... 44

گۈلەمخان قوشىقى ............................ 49

زىنداندىكى توختاخۇن............................ 53

شېرىپ بوجاڭ .............................. 58

خاڭ قوشىقى ................................ 73

لاشمانلىق قوشاقلىرى ........................ 92

كۆچ - كۆچ قوشىقى .......................... 116

سارى جاز قوشىقى ........................... 124

ئۆتمۈشتىكى زۇلۇملار ........................ 126

شىڭشىڭشا ھەققىدە ........................... 145

نوم ھەققىدە قوشاق................................ 148

بايانداي ئۇرۇشى ھەققىدە.......................... 152

**ئەمگەك قوشاقلىرى** ........................155
ئورما ناخشىسى ........................157
خامان قوشىقى........................162
ئۆستەڭ ناخشىسى........................167
كارىزچىلار قوشىقى........................169
كېۋەز چاغلاش قوشىقى........................172
قوغۇن ھەققىدە ........................174
پادىچى قوشاقلىرى ........................176
دودىشاڭ قوشاقلىرى ........................183
كانچىلار قوشىقى........................185
ھارۋىكەش قوشاقلىرى ........................189
ئوۋچى قوشاقلىرى........................217
چاقچىلار قوشىقى ........................224
**ئەبجەش قوشاقلار** ........................231

# تارىخىي قوشاقلار



تارىخىي قوشاقلار



# سۇتۇق بۇغراخان ھەققىدىكى قوشاقلار

**1**

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان[1]،
سىزگە ئويۇن سالدۇق بىز.
ئويناپ ـ ئويناپ قىز ـ ئوغۇل،
ئەمدى قېرىپ قالدۇق بىز.

**2**

جان قارلىغاچ، قارلىغاچ،
ئوڭ دولامغا قونساڭچۇ.
ئۇلۇغ بۇغرا ئاتامغا
مەندىن سالام ئېيتساڭچۇ!

**3**

ئەجەبمۇ ياراشىپتۇ
قارا ئاتنىڭ قاشقىسى.

① سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ـــ ئۇيغۇر خانى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان شەنىگە توقۇلغان قوشاق ۋە ناخشىلار كەڭ تارقالغان بولۇپ، ھازىرغا قەدەر خەلق ئىچىدە ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ ئېيتىلىپ كەلمەكتە. يۇقىرىقى قوشاقلار ئەنە شۇلارنىڭ بىر قىسمى. بۇ قوشاقلارنىڭ بىر بۆلىكى 1934 ـ يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر ئەل ئەدەبىياتى» دىن ئېلىندى، بىر بۆلىكى خەلق ئىچىدىن توپلاندى.

ئەل دەردىنى بىلمەيدۇ
بۇغراخاندىن باشقىسى.



**4**

نېمە دەردى بار ئىكەن،
تۇمۇچۇقلار سايرايدۇ.
بۇغراخان ئامان بولسا،
ئۆلىمالار يايرايدۇ.

**5**

ئاتۇش دېگەن ئوبدان يۇرت،
دۈشەنبە بازارى بار.
غېرىبلارنى قوللايدۇ،
ھەز سۇلتان مازارى بار.

**6**

ھەز سۇلتاندا تۇغ ــ ئەلەم،
قولىدا قىلىچ ــ قەلەم.
يىغلىماڭلار، ياش باللار،
ئۆتۈپ كېتەر دەرد ــ ئەلەم.

**7**

ئىشىك ئالدى سالاسۇن،
سالار كېلىپ ئويناسۇن.
قەشقەردىكى يارىمنى
ھەز سۇلتانىم قوللاسۇن.

# سادىر پالۋان قوشاقلىرى

سادىر پالۋان 1798 ـ يىلى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ مـوللا توختىيۇزى يېزىسىدا نامرات دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. سادىرنىڭ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرى دەل چىڭ خانىدانلىقى زۇلمىنىڭ چېكىدىن ئاشقان مەزگىللىرىدە ئۆتتى. دەھشەتلىك ئېزىلىش ۋە ئېغىر ئالۋان ـ سېلىق دەستىدىن سەۋر قاچىسى تاشقان ئىلى دېھقانلىرى 1861 ـ يىلى چىڭ خانىدانلىقىنىڭ زۇلمىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. سادىر ئۇلارنى 1864 ـ يىلىدىكى بايانداي قەلئەسى بىلەن كۇرە قورغىنىنى ئېلىش جەڭلىرىگە ئۇيۇشتۇردى، ئۆزى سېپىللارنى پارتلىتىپ، جەڭنىڭ ھەل قىلغۇچ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى ياراتتى. شۇڭا، خەلق سادىرنى «پالۋان» دەپ ئاتىدى.

سادىر پالۋان ئۇزاق مۇددەتلىك كۇرەشلەردە كۆپ قېتىم دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، دۈشمەنگە ھەرگىز باش ئەگمىدى، پەم ـ پاراسەت ۋە باتۇرلۇق كۆرسىتىپ، زىندان ـ يامۇللارنى تېشىپ چىقتى، سۈرگۈنلەردىن قېچىپ قۇتۇلۇپ، جەڭلەرنى داۋاملاشتۇردى.

سادىر پالۋان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ باتۇر سەركەردىسى بولۇپلا قالماي، يەنە داڭلىق خەلق قوشاقچىسى، ناخشىچىسى



ۋە ئەلنەغمىچىسى ئىدى. خەلق ئارىسىدا ئۇنىڭ نۇرغۇن قوشاقلىرى ۋە تەسىرلىك ناخشىلىرى تارقالغان بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى ئەڭ قىممەت-لىك مەدەنىي مىراسلار سۈ-پىتىدە ساقلاپ ۋە قەدىرلەپ كەلمەكتە.

ئۆز ئۆمرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى خەلقنى زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇش ئىشىغا سەرپ قىلغان بۇ مەشھۇر خەلق پالۋىنى تارىختا شەرەپلىك ئىز ۋە جاراڭلىق ناخشا - قو-شاقلارنى قالدۇرۇپ، 1871 - يىلى ماي ئايلىرىدا ئۆز يېز-ىسىدا ۋاپات بولدى.

سادىر دەپ ئېتىم يامان،
ئۇن بەش ياشتا ئاتالغان.
دەسلەپكى تۇتۇلغاندا
قۇمۇل خانغا پالانغان.

يامۇلغا چۈشۈپ قالدىم،
چۈچۈن بىلەن پىتلارغا...
ۋاڭزى پۇلىنى دەيدۇ،
ئۇلگۇرمەيدۇ ئىتلارغا.

ۋاڭزى پۇلىنى دەيدۇ،
ۋاڭزىغا نېمە لازىم؟

يار خالتا ئەۋەتىپتۇ،
يامۇلدا يېتىپ تەزىم.

يامۇلدا تولا يېتىپ،
ساچىم بىر قۇچاق بولدى.
مەن يامۇلنى تەشكەندە،
قوۋۇرغام پىچاق بولدى.

يامۇلنى تېشىپ قويۇپ،
ئىككى چىقتىم تالاغا.
مېنى باققان بەش يايى
ئەمدى قالدى بالاغا.

يامۇلنىڭ ياغاچلىرى
قىزىل سىردا سىرلاقلىق.
مېنى باققان بەش يايى
ئۇرۇمچىدە سولاقلىق.

يامۇلنى تېشىپ چىقىپ،
قازانچى[1] بىلەن قاچتۇق.
چېرىكلەر قوغلاپ چىقسا،
قار كېچىپ داۋان ئاشتۇق.

قازانچى دېگەن يەرنى
چېرىكلەر تاپالمايدۇ.

---

① قازانچى ــ غۇلجا ناھىيە موللاتوختىيۇزى يېزىسىنىڭ شىمالىدىكى تاغ جىلغىسى.

يىراقتىن قاراپ تۇرسام،
بىر دۆڭدىن ئاشالمايدۇ.

ئايلىنىپ تولا يۈرۈپ،
خويمۇ زېرىكتىم شەھەردىن.
ئايرىمىسۇن خۇدايىم،
قازانچى دېگەن يەردىن.

تەڭرىتاغلىرى دەيدۇ،
مېنىڭ ياتار ماكانىمدۇر.
نېمە قىلساڭ قىل، شەنگەن،
سېنىڭ سورار زامانەڭدۇر.

سادىر ياتقان كامارغا
ئۇچار قانات كىرمەيدۇ.
مەن ئۆزۈم بۇ يەرلەردە،
بالىلىرىم نېمە يەيدۇ؟

يامۇلدىن قېچىپ يۈرۈپ،
تاغلارنى تاۋاپ ئەتتىم.
قورساق ئېچى يامانكەن،
شالغۇرنى كاۋاپ ئەتتىم.

سادىرمەنۇ سادىرمەن،
سادىر بولماي نېمە مەن؟
تاغ يوللىرىنى سورىساڭ،
ھەممە جايىنى بىلىمەن.

تاغلارنى كېزىپ يۈرۈپ،
ئاتلىرىم يېغىر بولدى.
شالۋۈرنى كاۋاپ ئەتسەم،
بىر تاتلىق بېغىر بولدى.

يامۈلدىن قاچقان كۈنى
دوستلار بىلەن تېپىشتىم.
قوغلاپ چىققان چېرىك بىلەن
ئۈچ كۈنگىچە ئېلىشتىم.

چېرىك قاچتى ئىلىغا،
ئېتىپ چۈشۈردۈم بېلىغا.
سەكرەپ چۈشۈپ ئېتىمدىن
نەيزە تىقتىم گېلىغا.

سادىرنى تۈتۈپ بەرگەن
ئاق جاڭزىدىكى شاڭيو.
جان باقماق ئۈچۈن ساتتىم
قۈمۈل شەھرىدە ياڭيۈ.

قۈمۈل دېگەن شەھەرلەردە
قازان قۈلىقى تۆتكەن.
زالىم تۈڭچىسى بەگلەر
زۈلمىدىن ئۆلۈم كۆپكەن.

كۈرە يولىدا مېڭىپ،
مەپەڭ سۈندىمۈ، شەنگەن؟!

سادىرنى تۇتۇپ بېرىپ،
كۆڭلۈك تىنىدىمۇ، شەنگەن؟ !

بالا كەلدى بېشىمغا،
تارتماسقا نېمە چارە.
مەن بىلمەس قانداق يامۇل
قىلارمەن پارە ـ پارە !

مەن يامۇلدىن قاچقاندا،
بۇرۇلدى[1] بىلەن قاچقان.
سالاسۇنغا سولاپ قويسا،
قۇلۇپ تولغاپ ئىشىك ئاچقان.

يامۇلدىن قېچىپ چىقىپ،
ياتقان يېرىم يانبۇلاق.[2]
خۇدايىمدىن تىلەيمەن
ماڭا بەرسە بىر ئۇلاغ.

يوللاردا كېتىپ بېرىپ،
قاتتىق نېنىمنى يېدىم.
بىر مانجۇ سوراپ ئىدى،
مەن ئۆزۈم خەنبىڭ، دېدىم.

سادىر دەپ ئېتىم قالدى،
داڭزىدا خېتىم قالدى.

① بۇرۇلدى ــ جاي ئىسمى.
② يانبۇلاق ــ جاي ئىسمى.

خېتىمنى ئوقۇپ باقسام،
بەش بالام يېتىم قالدى.

يامۇلنىڭ ياغاچلىرى
ئالا ــ ئالا ئالىماچ.
مەن يامۇلدا ياتقاندا،
باللار قالدى يالىڭاچ.

ئۈرۈمچىگە پالاندىم،
شاۋانخان، توقاچ ياققىن.
بەش بالام يېتىم قالدى،
تېنەتمەي ئوبدان باققىن.

چوڭ كۆرەنىڭ يولىدا
ئالدىم ھېمىدەمگە يىلىم.
بەش بالامنىڭ ئىچىدە
ئەڭ كىچىكى مەمەت ھىلىم.

بەش بالامنىڭ ئىچىدە
چوڭى پەننامە ئوقۇيدۇ.
مېنى مويتۇڭزىدا چاپسا،
تېنىمنى قاغا چوقۇيدۇ.

يامۇلنى تېشىپ چىقىپ،
ئارغامچا تېپىۋالدىم.
ئاستىمدىكى ئالا ئاتنى
ئون سەرگە سېتىۋالدىم.

سادىرنىڭ مىنگەن ئېتى
ساغرىسىدا ئالىسى.
ئىلىدا خوتۇن قالدى،
قۇچىقىدا بالىسى.

يامۇلنىڭ ياغاچلىرى
ئۇزۇن قارىغاي چەنزە.
يامۇلنى تېشىپ چىققان
سادىر ئۆزى خوخەنزە.

چېرىك چىقتى يېپىلىپ،
سادىر ئاتتى تېۋىنىپ.
دالدا قىلغان قارا تاش
جۇگامنى ئالدى يېپىنىپ.

سادىرنى ئاتار بولسا،
بەردەڭگە بىلەن ئاتسۇن.
مەن جاڭجۇنگە خەت يازدىم،
كاللامنى كېسىۋەتسۇن !

ئالۋانغا سۇرۇك بەرمەي،
زالىم قامچىلاپ چىققان.
بۇ دەردلەرگە چىدىماي
سادىر ئاتلىنىپ چىققان.

قوغلاپ چىققان چېرىكنىڭ
مىنگەن ئاتلىرى قاشقا.

چېرىك ئاتىدۇ تاشقا،
سادىر ئاتىدۇ باشقا.

قار كېچىپ تولا مېڭىپ،
ئۆتۈكۈمنى ھۆل قىلدىم.
تاشقا مالخاي كىيگۈزۈپ،
چېرىكلەرنى گول قىلدىم.

بالىلىرىم يېتىم قالدى،
قىچقارسام ئۈنۈم يەتمەس.
بالىلارنى يوقلىسام،
بۇ يولدا جېنىم كەتمەس.

يامۇلدىن قېچىپ چىقىپ
ئون كۈن ماڭدىم پىيادە.
تۇتالامدۇ، تۇتالامدۇ،
تەقدىر بىلەن ئىرادە.

يامۇلدىن قېچىپ چىقىپ،
خىيال كىردى بېشىمغا.
پىچاق، چاقمىقىم خالتا
شاۋانخان قاياشىمغا.

سادىر بىر ئوغۇل بالا
ياۋان يەرنى خالايدۇ.
بىر يامبۇ بېرىپ قويسام،
ئۆلتۈرمەيدۇ، پالايدۇ.

ئاتاسىدىن يېتىم قالغان،
ئاناسىدىن يېتىم قالغان،
يېتىم قالغاندا مەن ئالغان
ھېمىدەم ئامان بارمۇ؟

ئاق بوز ئاتقا نان بەرگەن،
ئورۇق ئاتقا سامان بەرگەن،
سادىر ئۈچۈن جان بەرگەن
ھېمىدەم ئامان بارمۇ؟

مېھمانلار كېلىپ چۈشكەن،
چىراغلار يېنىپ ـ ئۆچكەن،
غەملىك كۆڭۈلنى يەشكەن
سارىيىم ئامان بارمۇ؟

چاشقاننى ماراپ ياتقان،
قاچۇرماي قاماپ باسقان،
كالا گۆشىنى تەڭ يېگەن
مۈشۈكلىرىم ئامان بارمۇ؟

بوسۇغامنى بېسىپ ياتقان،
تۈندە قاۋاپ تاڭ ئاتقان،
جاپايىمنى تولا تارتقان
بويناقلىرىم ئامان بارمۇ؟

تۈنلىرى قانات قاققان،
تاڭنى قىچقىرىپ ياتقان،

سەھەرلەردە ئويغاتقان
خورازلىرىم ئامان بارمۇ؟

ئالتىنچى ئاينىڭ ۋاقتىدا
مېۋە - چېۋە پىشىدۇ.
ئۆزى پىشىپ ئۆزى چۈشكەن
ئالما - ئۆرۈك ئامان بارمۇ؟

ئاق بوز ئېتىم ئاچ قالدى،
بىر ئېتەك سامان بارمۇ؟
ئاغزىمغا ئىلىم سالغان
ئىمام - مەزىن ئامان بارمۇ؟

ھەيدەپ ناماز ئوقۇتقان،
ئوقۇمىساق قورقۇتقان،
بىزگە قۇرئان تۇتقۇزغان
ئىمام - مەزىن ئامان بارمۇ؟

چوڭ ئاكامنىڭ بالىلىرى
مېنى كىچىك دادام، دەيدۇ.
مېنى كىچىك دادام دېگەن
قۇلۇنلىرىم ئامان بارمۇ؟

تار قورساققا پېتىشقان،
تۇغۇلۇپ قان چېچىشقان،
تاتلىق ئەمچەك تېتىشقان
قېرىنداشلار ئامان بارمۇ؟

چوڭ يولدا كېتىپ بارسام،
بىر مانجۇ توختاڭ، دەيدۇ.
تۇتۇپ باش بىلەن سالسام،
ئاتقا مىنىڭ، ئۇرماڭ، دەيدۇ.

يامۇلنىڭ ياغاچلىرى
ئېگىز قارىغاي چەنزە.
سادىر دېگەن خوخەنزە،
قولىدا قىلىچ ـ نەيزە.

مېنى تۇتىمەن دېگەن
سەن تاغلىق، قارا تاغلىق.
ھەرگىزمۇ تۇتالمايسەن،
ئوغۇل بالىمەن قاڭرۇق.

سادىرنىڭ ئۆيى نەدە؟
موللاتوختىيۇز دېگەن يەردە.
سادىرنىڭ ئوتى بىلەن
شەرۋانە خېنىم نەدە؟

سادىرنىڭ ماكانى يوق،
كىيەرگە چاپانى يوق.
يۇرت ئىچى قۇرۇپ كەتتى،
ھەيدەرگە ساپانى يوق.

نۇربەگنىڭ ئۆيى نەدە؟
چوڭ كۆرە دېگەن يەردە.

قىلمىغىنى قالمىدى،
ئۆلمىدى هارامزاده !

موللىغا بەردىم ئوقۇ، دەپ،
بۆزچىگە بەردىم توقۇ، دەپ.
كىم سېنى خوراز قىلدى
مېكىياننى چوقۇ، دەپ؟ !

بەش بالامنىڭ ئوينىشى
نان ياققان تونۇر بېشى.
قولىدا يىرتىق ياغلىق،
قۇرۇمايدۇ كۆز يېشى.

ئۇنداق ـ مۇنداق دېمەڭلار،
هارام گۆشنى يېمەڭلار.
چېرىكلەر قوغلاپ كەلسە،
مېنى كۆردۇم دېمەڭلار.

تىزلامچىنى كىيمەيمەن،
ئارقام ئوچۇق قالىدۇ.
گەپلىرىمگە گۇل مومام
كۈلۈپ كۆكسى تالىدۇ.

مومامدۇ بەك ئارزۇلايدۇ،
ئاپامدۇ بەك ئارزۇلايدۇ.
پاتقاققا پېتىپ كىرسەم،
مومام ئاۋۋال تازىلايدۇ.

مومام ئىدى تەقۋادار،
ئۆگەتتى جىق قوشاقنى.
نامە ھەقنى بىلگۈچە،
قورۇپ بەردى پۇرچاقنى.

بىر پۇرچاققا بىر قوشاق
توقۇپ بەردىم ئاخشىمى.
ئىزدەپمۇ تاپالمىدىم
گۈل مومامدەك ياخشىنى.

مومام توقۇغان بۆزدە
ماڭا پوسما تىكىپ بەرگەن.
چوڭ دادام پوپۇچ تىكتى،
مەن ئۇنى ئاياپ كىيگەن.

دادام تايغا ئاتماققا
يەردىن بىر تال تاش ئالدى.
بىر قوشاق ئېيتىپ بەرسەم،
كۆزىگە لىق ياش ئالدى.

داۋۇتكام تۆمۈرچىگە
ياساتتىم بىر نەيزىنى.
شىرىپ تاغام ئىككىمىز
ئالدۇق نەيزە پەيزىنى.

قىلىچقىمۇ يېتىشتىم،
ئالدىم تىكەن بېشىنى.

چېرىك قىلىپ چاندىم
سايىنىڭ قورام تېشىنى.

هارسام دۆڭگە ئولتۇردۇم،
نەچچە قىلىچ سۇندۇردۇم.
ئۇستاز بول، دەپ تاغامنى
ئۆيدە نەچچە قوندۇردۇم.

ئەللەر تېرىيدۇ ئاشلىق،
ئاشلىقتا مانجۇ باشلىق.
ئاشلىق تەرگەن ئەللەرنىڭ
قىشۇ ياز كۆزى ياشلىق.

بىنەم تەرسەك، هوسۇلغا
مانجۇ بىز ئىگە، دەيدۇ.
هوسۇلنى بۇلاپ تۇرسا،
دېهقانلار نېمە يەيدۇ؟

مانجۇلارغا هاي ـ هايچى
هەر مەلىدە بىر دورغا.
پۇقرانى قاقشاتقۇچە،
بەگلەر يەپ ئۆلسۇن ئوغا.

بىر پۇت تۇز ــ بىر دادەن ئاش،
مانجۇلاردا بارمۇ باش؟ !
مانجۇلارنىڭ دەستىدە
دېهقان قالدى يالىڭاچ.

رازىلىق ئالدىم ئەلدىن،
پوتا باغلىدىم بەلدىن.
ئەل پەرياد چېكىپ تۇرسا،
ئاش ـ نان ئۆتەمدۇ گالدىن.

تاغنىڭ بېشى ئالاڭغۇ،
قارىغاي ئىچى قاراڭغۇ.
ئەلنىڭ دەردىنى ئويلاپ،
سادىر بولدى ياداڭغۇ.

كىمگە ئېيتاي دەردلەرنى،
ئاڭلار كىملەر گەپلەرنى.
سادىر ناخشىغا قاتتى
يىغىپ قويغان «خەپ»لەرنى.

قاغا ـ قۇزغۇن گۆش يەيدۇ،
بۆرە ـ ئىتمۇ گۆش يەيدۇ.
مانجۇلار چاغان قىلسا،
چەنتۇ، سۇلان مۇشت يەيدۇ.

نوغايتۇنىڭ يولىدا
مانجۇلار يېتىۋاپتۇ.
تۆت چەنتۇنى بىر مانجۇ
ساپانغا قېتىۋاپتۇ.

ئاتلىنىپ بەل ياقىلاپ،
دورغىدەك بولۇپ كەلدىم.

بىر كالتەك ئۇرۇپ باشقا،
مانجۇغا ئەجەل بەردىم.

چوڭ ئاكامنىڭ باللىرى
مېنى كىچىك دادام، دەيدۇ.
ۋاخ يېتىپ دىدارلاشماق
بىز ئۈچۈن تائام، دەيدۇ.

ئاق لەيلىنىڭ بېشىدا
سېرىق قۇشقاچ سايرايدۇ.
شەرۋانەم جۇمە كۈنى
سۇمبۇلىنى تارايدۇ.

تونۇر بېشىغا كېلىپ،
توقاچ يۈزلۈك ئاي كۆردۈم.
شەرۋانەم بىلەن بىللە
بەك ئوبدان ئۆمۈر سۈردۈم.

قارىغاي ئارىلاپ ئۆتسەم،
ئۈركۈمىدى كېيىكلەر.
سادىرنى تۇتۇش ئۈچۈن
ئىزدەپ كەلدى چېرىكلەر.

كەلسەڭ كېلىۋەر، چېرىك،
قالمايسەن بىرىڭ تىرىك.

سادىرغا تاغ ـ تاش ياراغ،
مېنى ئىزدىمەي سىلىك.①

ملتىقى يوق سادىرنىڭ،
تاش، سالمىنى قىلدى ئوق.
بىر چېرىكنى يۇملاتتىم،
يۈز چېرىكتىن بىرىمۇ يوق.

سادىر ھىيلىگەر، دەيدۇ،
ھىيلەم راست يامان مېنىڭ.
يارەنلەرگە ھەيدەتكەن
سەركەممۇ پالۋان مېنىڭ.

ئۆزمەي ئاتتۇق بەش كىشى،
ئۆركۈپ قاچتى مىڭ كىشى.
جان تاتلىق چېرىكلەرگە
سادىردا نېمە ئىشى.

ناخشىنى كۈچەپ ئېيتسام،
سادىرنىڭ ئۈنى، دەيدۇ.
يايلار كۆرەڭلىشىپ
تۇتۇڭلار بۇنى، دەيدۇ.

قۇمۇل يامۇلى دەيدۇ،
كەينىدە سېپىلى يوق.

① سىلىك ــ ئازلاپ كېتىش، تارقىلىپ كېتىش.

تالاغا چىقاي دېسەم،
سادىرنىڭ كېپىلى يوق.

يىلقا ئۇيۇرى نەدە؟
ئۇيلار پادىسى نەدە؟
سادىرنى يالغۇز دېمەڭ،
يۈرەك پارىسى نە ـ نەدە !

يامۇلنى تېشىپ چىقتىم،
كۆزۈمنى ئېچىپ چىقتىم.
ئايماقلارنى جەملەشكە
تاغلارغا قېچىپ چىقتىم.

ئوتقا كىرسەم ئوت دەستە،
تاغقا چىقسام تاغ رەستە.
كۆزۈمنى ئاچقانلارنى
دائىم تۇتىمەن ئەستە.

موللا بىلال ئۆز باغرىم،
گېپىم بار ئاڭا دائىم.
يۈزمۇ يۈز سۆزلەشكىلى
بەيتۇللاغا ئۇچ باردىم.

موللا بىلال تەقۋادار،
ئەلگە بولدى بەك ھەيران.
دېدى: جەڭگە چىققۇلۇق،
يېتىپ بولغۇچە ۋەيران.

ئوغۇل بالىمەن سادىر،
نەگە بارسام يولۇم بار.
موللا بىلال ئالدىدا
ئوڭ كۆكسۈمدە قولۇم بار.

موللا بىلال ئۇستازىم،
مەسلىھەتچىم، پاناھىم.
كۆلپەت چۈشسە بېشىمغا،
يار - يۆلەك ماڭا دائىم.

موللا بىلال خاتىپنى
جاڭجۇن تۇتىمەن، دەپتۇ.
بەردەڭگىلىك سادىر بار،
جاڭجۇن ھۆل تېزەك يەپتۇ.

ناخشىنى تولا ئېيتسام،
بەيتۇللادىن[1] قوغلىدى.
قازانچىغا[2] مۆكۈنسەم،
موللا بىلال يوقلىدى.

كىمگە ئېيتاي دەردلەرنى،
ئاڭلارغا قۇلاق بارمۇ؟
ئېيتقىنا، نازىم ئۇستاز،
قايىنامغا تۇۋاق بارمۇ؟

---

① بەيتۇللا — غۇلجا شەھىرىدىكى مەدرىسە.
② قازانچى — غۇلجا شەھىرىدىكى بىر مەھەللە.

شەھەرگە بارار بولسام،
قازانچىنى يوقلايمەن.
نازىمغا قىلىپ تەزىم،
سارايدىلا ئۇخلايمەن.

چوڭ ئوغلۇمغىمۇ بەردى
بىلال ئىلمىي كالامنى.
بالىلىرىم سىپايە،
تاشلىمايدۇ سالامنى.

جاڭجۇن موللا بىلالنى
ئۆلتۈرۈپ چىدالمايدۇ.
جاڭجۇن قول سالغان كۈنى
ئىلىدا تۇرالمايدۇ.

يۈز بېگىگە ئات دېسەم،
ھەيدەپ كەپتۇ يۈز ئاتنى.
ئاتلىنىپ چىقىپ ھەريان،
توسۇۋالدۇق ئۈچ ياقنى.

چېرىكلەر ئاتقان ئوقلار
ھالقىپ كەتتى ئۇ تاغقا.
بىز دۈشمەنگە سىلجىدۇق،
دۈشمەن كەلمەي بۇ ياققا.

دەككە ـ دۈككىدە دۈشمەن
ئېقىن سۇ بىلەن قاچتى.

ئازاب چەككەن ئايماقلار
قاچقانغا قاراپ تاشتى.

مېنىڭ بەش ھەمراھىم بار،
تۆتى تۇڭگان، بىرى قالماق.
ھەمراھلارنىڭ غەيرىتى
شەھەرنى چاپسان ئالماق.

قالماقلارمۇ ئات سالدى،
تۇڭگانلارمۇ ئات سالدى.
قارا تاشقا كەلگەندە،
چېرىكلەر ۋايداد سالدى.

كۆلدە كۆمەچ پىشۇرغان
ناسىر كامغا ئوق تەگدى.
قىساس ئوتى يامانكەن،
دۈشمەننى سادىر يەڭدى.

قارا تاشنىڭ ئالدىدا،
ئۆلۈكنى سېپىل قىلدۇق.
ئۆلتۈرمەسكە پۇقرانى
جاڭجۈننى كېپىل قىلدۇق.

جاڭجۈن قويدى قولىنى،
توسمىدۇق يولىنى.
ئالماي ئۆزىگە بەردۇق
بىزگە سۇنغان پولىنى.

ماڭغان يولۇم قازانچى،
غانجۇغامدا ئارغامچى.
ۋەدىسىدە تۇرمىدى
جاڭجۇن دېگەن يالغانچى.

سادىردا بار بەردەڭگە،
تويدى چېرىك مەرگەنگە.
پۇشايمان يېدى جاڭجۇن
جەڭ قىلىشقا كەلگەنگە.

دۈشمەن قاچتى شەھەرگە،
ئاتقان پولىرى① قالدى.
ناشتا قىلماي سەھەردە
ئۈچ پونى سادىر ئالدى.

قاپتۇ پونىڭ پىلتىسى،
ئاتالمىدى خېلىسى.
سادىرنىڭ قولى ئەپلىك،
بىلىندى پونىڭ ھېيلىسى.

تاغدا بۆرە ھۇۋلايدۇ،
ئەلنى ئاق خان بۇلايدۇ.
ئەل گۆلەيسە قولىنى
چىغ كۆلادا تولايدۇ.

---

① پو — زەمبىرەك.

مۇزداۋان دېگەن داۋان،
داۋان ئەمەس ھاڭ ئىكەن.
ئاق خاننىڭ چېرىكلىرى
بىر ــ بىرىدىن زاڭ ئىكەن.

قەشقەر دېھقىنى دەيدۇ،
ئاقسۇ دېھقىنى دەيدۇ.
قالدى تەڭلا خورلۇققا،
كىممۇ غېمىنى يەيدۇ.

ئاقسۇ نېمە بولغاندۇ؟
قەشقەر نېمە بولغاندۇ؟
نازىم دەيدۇ: قەشقەرنى
قانغا بىقسىپ تولغاندۇ.

دالويى ھۆكۈم قىلدى،
مېنىڭ ئىشىم بوش ئەمدى.
ئەخمەت خەزىنىچى، تۆت بەگ،
ئۇزاتماڭلار، خوش ئەمدى.

ئىگىز ھاۋانىڭ قۇشى
يالغۇز تاشنى خالايدۇ.
يىغلىماڭلار، قېرىنداشلار،
ئۆلتۈرمەيدۇ، پالايدۇ.

كۈرەگىمۇ قامالدىم،
قۇمۇلغىمۇ پالاندىم.

نىيىتىم خالىس مېنىڭ،
ھەر جايدا ئامان قالدىم.

ياز كەلسىمۇ كەلسىدى،
كاككۇك سايراپ كۈلسىدى.
قىلىچ چېپىپ ئوينايتتىم،
ياخشى قىلىچ بولسىدى.

تاغدىن ئاقىدۇ بۇلاق،
سازدىن ئاقىدۇ بۇلاق.
ئەل قالدى نادامەتتە،
ئاڭلارغا بارمۇ قۇلاق؟

بۆرە دېسە بۆرە مەن،
تاغنى ئۆرۈپ - چۆرۈيمەن.
ئەلنى دائىم قاقشاتقان
مانجۇ خاننى ئۆرۈيمەن.

بۇغدايىنىڭ سامانى بار،
بىنەمنىڭ شامالى بار.
غەم قىلما، قېرىنداشلار،
سادىرنىڭ ئامالى بار.

قومۇشلۇق، توقايلىقلار
سادىرغا ماكان بولدى.
چېرىكنى پايلا، دېگەن
داناخۇن تاغام بولدى.

دەريا بويىدا تۇمان،
ئەلنىڭ كۆڭلىدە پىغان.
چېرىكلەر تۇتۇپ ماڭغان
گۇناھسىز سەككىز دېھقان.

ئۈچ مىلتىقنى تەڭ ئاتساق،
موللاق ئاتتى ئۈچ چېرىك.
ئات سېلىپ قېچىپ كەتتى
ئوندىن يەتتىسى تىرىك.

سەككىز دېھقان قۇتۇلدى،
پۇت - قولللىرى يېشىلدى.
سادىرنى پاناھ ئەيلەپ،
جەڭ قىلىشقا قېتىلدى.

يۇرت ئىچى ئوپۇر - توپۇر،
مانجۇلار بىلەلمىدى.
باشلايلى دېسە جەڭنى،
يىگىتلەر كېلەلمىدى.

يىگىتلەرمۇ ساقلاپتۇ،
پىلىچىدە[1] تېپىشتۇق.
چېرىكلەر قوغلاپ كېلىپ،
بىر ئاش پىشىم ئېتىشتۇق.

---

① پىلىچى — خاڭنىڭ ئىسمى.

ئايماقلارنى جەملەشكە
ماڭا تەگمىدى چولا.
ئاۋۋال كەلگەن چېرىكتىن
كېيىن كەلگىنى تولا.

چېرىكلەر يول بىلمەيدۇ،
جاڭگالغا مۆكۈپ كەتتىم.
چېرىكلەر ماراپ قالدى،
ئاقتاشقا ئۆتۈپ كەتتىم.

موللا بىلال نېم بولدى؟
ئابدۇرۇسۇل بەگ نېم بولدى؟
ئارىدا خەۋەرچى يوق،
خەۋەرچىمىز كىم بولدى؟

بۇلۇت چىقتى، ئاي مۆكتى،
زېمىنغا يامغۇرىن تۆكتى.
جەڭ قىلىشقا ئاتلاندىم،
سادىرغا ياراغ پۈتتى.

بۇغداي ئارىلاپ چىقتى
قارىمۇقنىڭ مايسىسى.
پۈقرالارنى سولاتتى
يايىلارنىڭ يالىسى.

ئالا قاغا، ئالا قاغا،
سەندە بار نېمە ۋاپا؟

مانجۇخان سېلىۋەردى
ئەلگە تۈگىمەس جاپا.

ئۈچ يۈز چېرىك ياتقۇدەك
قارا تاشنىڭ كەينىدە.
مىلتىق، قىلىچ بار ئىكەن
چېرىكلەرنىڭ بەرىدە.

ئاتنى توقۇدى دەمسەن؟
سادىر قورقىدۇ دەمسەن؟
مارىساڭ مارا، چېرىك،
بېشىڭغا چوماق يەيسەن.

چېرىكلەر ئات سالدۇرۇپ
شەھەرگە قېچىپ كەتتى.
ئوق تەگكەنلەر داد سېلىپ،
قان چېچىپ يېتىپ كەتتى.

ئايماقلار قېرىنداشىم،
ھەر جايدا بار قاياشىم.
كۆلدە كۆمەچ يېسەمۇ،
ھەممە جايدا بار ئاشىم.

بالىلارنى سېغىنىپ
نەچچە باردىم ئۆيۈمگە.
زالىملارنى يوقاتماي
ئارامىلىق يوق كۆڭلۈمگە.

جۈۋىنى تەتۈر كىيىپ
قويلار ئىچىدە ياتتىم.
تىڭتىڭچىلار دەستىدىن
دەريادا ئۈزۈپ ئاقتىم.

قوراي توشۇغان هارۋا
ئىرغاڭلاپ غىچىرلايدۇ.
دەرد تارتقان قېرىنداشلار
قۇلاققا پىچىرلايدۇ.

تاغلاردىمۇ ئېتىشتىم،
جاڭگالدىمۇ ئېتىشتىم.
سادىرغا ئامەت كەلدى،
مىڭ يىگىتكە يېتىشتىم.

كۆرەڭنىڭ سىپىلىغا
ئۆزۈم قويدۇم دورىنى.
ئوتتۇز بەش چېرىك ئۆلدى،
ئېتەلمىدى شورىنى.

كۆرە جەڭدە يوقالدى
دۈشمەنلەرنىڭ قارىسى.
ساقايمايدۇ جاڭجۇڭنىڭ
سادىر سالغان يارىسى.

يامۇل ئالدىدا باركەن
قىملداپ تۇرغان ئادەم.

ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كەلدى
سۈيدۈگلۈك چوقۇر خاتەم.

سىۋەتتە ئېسىپ قويغان
بىر كەم قىرىق كاللا.
ئاڭلاڭلار، خالايىقلار،
بارى نارەسىدە باللا.

يامۇلدا ئۈچ كۈن ياتتىم،
دالويى كەلسۇن، دەپتۇ.
ئەمدى سىپىل تەشمەسكە
بىر ۋەدە بەرسۇن، دەپتۇ.

دالويى سوراق قىلدى،
سوراقنى ئۇزاق قىلدى.
دىۋەيلەپ قويۇپ قويسام،
سوراقنى چوناق قىلدى.

كۈرەنىڭ دەرۋازىسى
لوسىگۈڭغا قاراشلىق.
سىپىل تەشكىلى كەلدىم،
يىگىتلىرىم ياراغلىق.

كەينىمدىكى يىگىتلەر
بىر - بىرىدىن سىپايە.
ئەقىللىق توختىياركام
يول باشلىدى پىيادە.

يامۇلنى تېشەر چاغدا،
دوستلار بولدى يار ـ يۆلەك.
يامۇلدا بىللە ياتقان
ئەخمەتبەگ ئەجەب زېرەك.

يامۇلدىن قېچىپ چىقىپ،
جېسەكچىمنى بايقىدىم.
ئۇخلاپ قاپتۇ بەش يايى،
ئېگىز تامدىن ھالقىدىم.

يانبۇلاقتا ئاڭلىدىم،
سولىنىپتۇ بەش يايى.
يالغۇز كېرىم پەنساپىنىڭ
ئۆلۈم بوپتۇ جازايى.

قاراڭغۇدا يول ئىزدەپ،
نوغايتۇ بىلەن كەتتىم.
پىلىچىدە ئات مىنىپ،
ئاقتاشقا ئامان يەتتىم.

سادىرنى قۇتۇلدى دەپ،
ھەمراھلار خۇشال بولدى.
سادىر ئۆلدى، دېگەنلەر
ئەجەبمۇ ئوسال بولدى.

بېشىمغا ئەلەم كەلدى،
تارتماسقا نېمە چارە.

ئەل ـ يۇرتۇم ئازاب چەكتى،
يۈرىكىم بولدى پارە.

قونغان يېرىمىز تاشلىق،
قىيىندى قورساق ئاچلىق.
مانجۇچە سۆزلەپ بەزەن،
بولۇۋالدۇق چېرىك باشلىق.

زىندان ئىچى قاراڭغۇ،
دىڭخۇلۇغا يورۇماس.
بىر تۇغقانلار جەم بولساق،
ھېچ يېرىمىز خورىماس.

ئۆڭكۈردىكى قار ـ مۇزدىن
بىر يەڭ سۇ چۈشەر پەسكە.
بىز ئېگىزدە بولساقمۇ،
ئەزىزلەر بىزنىڭ ئەستە.

ئالۋان تۆكمىسەم تېخى،
ئۇنى يۇدمىسەم تېخى.
ئەزىز جانغا تاقالغان
ھەر ئىككىسىنىڭ تىغى.

باياندايدىن كۆرەگە
ئاق خان قويدى چېرىكنى.
چېرىكلەرنىڭ گۆرىگە
سادىر ياقتى پىلىكنى.

يامۇلدىن قېچىپ چىقىپ،
بەش كۈن ماڭدىم پىيادە.
مېنى كۆرگەن يۇرت دەيدۇ،
دۆلەت بەرسۇن زىيادە.

بەگنىڭ ئىتلىرى يامان،
ئۆتسە ئادەم تالايدۇ.
سادىر دەپ تۇتۇۋالدى،
مېنى ئەمدى پالايدۇ.

يامۇلنىڭ تېگى زەيلىك،
بۇ دەردكە نېمە دەيلۇق؟ !
ئەركىنلىككە بەل باغلاپ،
ياخشىلىقنى ئىزدەيلۇق.

ھاشار سېلىپ، دەن ئېلىپ،
دارىن ئامبال تويامدۇ؟
دېھقانلارنى ئۆلتۈردى،
خۇنى ئۇنى قويامدۇ؟

مەنمۇ چىقتىم پىيادە،
مالچىلار چىقار تاغقا.
ياد قىلىپ قېرىنداشنى
قارىدىم ئىلى ياققا.

يامۇلدىن قېچىپ چىقىپ،
ئىلى شەھىرىگە كەتتۇق.

پۇتلار تېشىلىپ يۇرۇپ،
ئۇچ كۇندە ئاران يەتتۇق.

مىڭ بىر تەستە ئۇلاشتۇق
قارىغايلىق ئېگىز تاغقا.
تۇگەپ كېتىپ نان ـ ئوزۇق،
سۇخار يېدۇق كۆمۈپ قارغا.

گۇندىپاي ئىشىك تېپىپ،
دەيدۇ: «توۋلىما، سادىر !»
مەن يامۇلنى تەشكەندە،
يا غوجام بىلەن ياپىر !

مەن تاغدىن چۇشۇپ كەلسەم،
يولدا يېتىپتۇ يولۋاس.
ياتسا يېتىۋەرمەمدۇ،
سادىر ھەرگىزمۇ قورقماس.

سەنگۇڭ يولى چىغلىقتا
قاتتىق نېنىمنى يېدىم.
چېرىك سورىسا يولدا،
مانجۇ بالىسى، دېدىم.

قازانچى بىلەن قاچتىم،
ئارپا تالقىنى چاچتىم.
قوغلاپ كەلسە يايلار،
قار كۇرەپ داۋان ئاشتىم.

ئىسمائىلمۇ قوشۇلدى،
ئىش ئەمدى يامان بولدى.
«ئۆلسەم رازى بولغىن !» دەپ
ئاتىسىدىن دۇئا ئالدى.

باشقا موزا كىيگەننى
بۇ ئالەم بەگلىرى، دەيدۇ.
ئالىملار كىتاب كۆرۈپ،
قىيامەت سەگلىرى[1] دەيدۇ.

دۆڭ يامۇلنىڭ ئالدىدا
ئىككى تۇپ قاتار تېرەك.
ئەزىز باشقا كۈن چۈشتى،
قېرىنداش ئەمدى كېرەك.

مەن سانجىدىن قاچقاندا،
ئالتىنچى ئاي باھار ۋاقتى.
يامۇلنى تېشىپ چىقسام،
بولۇپتۇ سەھەر ۋاقتى.

سېغىنسام ئېگىچەمنى،
توختىۋان دەپ ئەسلەيمەن.
ئۈنىڭدىن چوڭى بەختىۋان،
بەخت ـ ئۆمۈر تىلەيمەن.

① سەگ ـــ پارسچە ئىت دېگەن مەنىدە.

زېمىننىڭ تېگىدە ياتسام،
چېرىكنى تولا، دەيدۇ.
نوغايتۇنى بۇلاپ چىقىپ،
قازانچىدا قوي، دەيدۇ.

مېنى ئىزدىگەن بەگلەر،
جىرغىلاڭدا ئۇچراشتى.
نەيزەمنى قارا كۆرۈپ،
ئىشتان كۆتۈرۈپ قاچتى.

بۇلتۇرقى بەشىنچى ئايدا
ماڭا كەلدى بىر پېشكەل.
قولۇمغا كويزا سالدى،
پۇتۇمغا تۆمۈر ئىشكەل.

مەن يامۇلدىن قاچقاندا،
بىر مانجۇ بىلەن قاچتىم.
قۇلۇپ سالغان داۋۇزنى
مۇشت بىلەن ئۇرۇپ ئاچتىم.

تاش كامىردا ياتسام،
ھۇۋقۇشلار ئۇۋام، دەيدۇ.
مەن ئۆزۈم بۇ يەرلەردە،
باللىرىم نېمە يەيدۇ.

مەن تاغدىن كېلىۋېتىپ،
كېيىكنى ئېتىپ يېدىم.

قالماق سورىسا يولدا،
مانجۇ بالىسى، دېدىم.

مەن تاغدىن چۈشۈپ كەلسەم،
جاڭجۈن بۇيرۇقى، دەيدۇ.
بۇ سۆزنى ئاڭلىغان مانجۇ،
بۇ يەردىن كېتىلى، دەيدۇ.

مەن تاغدىن يېتىپ كېلىپ،
ياخشى ئات تېپىۋالدىم.
يولدىشىم، ئول مانجۇنى
مۇزاتتىن ئاشۇرۇپ ياندىم.

مۇزاتتىن داۋاپ چىقىپ،
يېنىپ چۈشتۈم ئارقامچە.
تىڭتىڭچىنىڭ دەستىدىن
قامالدىم، ئامال قانچە.

مەن يامۇلغا چۈشكەندە،
پۇتۇمدا تۆمۈر زەنجىر.
دوستلار يوقلىشىپ كەلسە،
قاراپ تۇرۇشۇم پەنجىر.

يامۇلنىڭ تېگى زەيلىك،
ئەتراپى قېلىن تاملار.
يامۇلنىڭ ئېتى چىقسا،
سىرقىرار ئەزىز جانلار.

يانبۇلاقتىن مېڭىپ بېرىپ،
ياتقان يېرىم قومۇشلۇق.
قۇم چۆگۈنگە چاي سالدىم،
سالاي دېسەم چۆمۈچ يوق.

مەن ئۆيۈمگە قارىسام،
بۇزۇلغان ساراي ئوخشاش.
ئىسمائىلنى دەي دېسەم،
ئۆزۈمنىڭ بالام ئوخشاش.

قازانچىدا بىز ئىچتۇق
قوناق ھارىقى — خەنجۇ.
ياخشى ئاتنى بېقىپ بەرگەن
ئۇدۇن دايى ئۆزى مانجۇ.

سادىرنىڭ ئاتىسى يوق،
ئاتىسى يوق، خۇدايى بار.
سۇنىڭ ئۆزىدە — قاشتا
شاۋانخان قاياشى بار.

پىچاق، چاقمىقىم خالتا
شاۋانخان قاياشىمغا.
ئون ئاتنى قوغلاپ كېلىپ،
ئاخىر يەتتى بېشىمغا.

ساۋەن تېغىدا يۇرۇپ،
ئۇلار تۇخۇمى يېدىم.

مەن تاغدا غېرىب بولۇپ،
ئەھلى يۇرتنى سېغىنىدىم.

مازار غوجامدىن قورقۇپ،
ئەيمىنىپ ئۆتەلمىدىم.
رىزقىمنىڭ تارتتىمۇ، سادىر،
ئىلىدىن كېتەلمىدىم.

دەرگاھ قۇلىنىڭ ئۆيىدە
قىرىق كۈن ئامان ياتتۇق.
قۇمۇلدىن ئاتنى مىنىپ،
قاراشەھەرگە كەتتۇق.

قارا شەھەردىن ئېلىپ كەلدىم
مەن تورۇق ئالا ئاتنى.
ئول مانجۇ ئەۋەتىپتۇ
بىر يامبۇ بىلەن خەتنى.

سېنىڭ ئېتىڭ نېۋىرزات،
خالزات ھېكىم، دەيمەن.
بۇ ئىلىدا سەن بولساڭ،
مەن نېمىدىن غەم يەيمەن.

سادىرنى تۇتۇپ بەرگەن
ئابدۇللا دېگەن چاپاق.
سەرپاي قىلىپ بەردى
ھېكىم بەگ بىلەن ئاپپاق.

# ئابدۇقادىر داموللا ھەققىدە

ئابدۇقادىر ئەزىزى (داموللام) يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتقان ئالىم، شائىر ۋە جامائەت ئەربابىدۇر. ئۇ 1862 ـ يىلى ئاتۇشنىڭ مەشھەت يېزىسىدا تۇغۇلغان، قەشقەر ۋە بۇخارالاردا بىلىم ئالغان، كېيىنكى ھاياتى يېڭىچە مەكتەپلەردە مۇئەللىملىك قىلىش، مۇدەررىسلىك قىلىش ۋە جامائەت خىزمەتلىرى بىلەن ئۆتكەن. ئۇ ئىلىم ـ مەرىپەت تارقىتىش مەقسىتىدە، ئۇيغۇرچە ئوقۇتۇشىنىڭ ئۇسۇلى، دەرسلىك مەزمۇنى قاتارلىق تەرەپلەردە ئەجىر سىڭدۇرۇپ، «سەرپ ـ نەھۋى» ( مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس)، «ئىلمى تەجۋىت» (قىرائەت)، «ئىلمى ھېساب» قاتارلىق كىتابلارنى يېزىپ، مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىك جەھەتتىكى قېيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلغان. ئۇ يەنە مەكتەپلەردىكى ھۆسنخەت ئۆگىنىش ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ تەلىم ـ تەربىيىسىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، «ئاقائىد زۆرۈرىيە» (زۆرۈر ئەقىدىلەر)، «ئىبادەت ئىسلامىيە» (ئىسلام ئىبادەتلىرى)، «تەلىم سەبىھىيان» (گۆدەكلەرگە تەلىم)، «نەسەيھول ئەپتال» (ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرگە نەسىھەت) قاتارلىق كىتابلارنى يېزىش بىلەنلا قالماستىن، مەتبۇئات ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، باشقا جايلاردىن مەتبەئە ئالدۇرۇپ كىرىپ،

«نەسىھەتى ئام» قاتارلىق ئەسەرلەرنى باستۇرۇپ، ئاممىغا بى-
كارغا تارقاتقان. ئۇ يازغان «جاۋھىرۇل ھىقان» (ھەقىقەت
جەۋھەرلىرى) ناملىق شېئىرىي ئەسەر ھازىر مىسىردىكى
«ئەزھەر» ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. ئۇ
يەنە «مۇپتاھىل ئەدەب» (ئەدەبىياتنىڭ ئاچقۇچى) ناملىق نەزە-
رىيىۋى ئەسەرنى يازغان بولۇپ، بۇ ئەسەرلەر ئۆز زامانىسىدا
قەشقەردىكى ئىختىساسلىق كىشىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن رو-
سىيىنىڭ قازاندىكى «مىللەت» مەتبەئەسىدە نەشر قىلىنغان.

ئابدۇقادىر ئەزىزى ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر زات بولۇپ، ئەينى
چاغلاردا جاھانگىرلارنىڭ قەشقەردىكى مەدەنىيەت تاجاۋۇزچىلى-
قىغا قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن، جاھانگىرلار ۋە
يەرلىك فېئودال ئەكسىيەتچى كۈچلەر ئۇنىڭ بۇ ۋەتەنپەرۋەر-
لىك جاسارىتىدىن قورقۇپ، يوشۇرۇن سۇيىقەست پىلانلاپ،
ئىشپىيون، خائىنلارنى سېتىۋېلىپ، ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قى-
لىشقا ئۇرۇنغان ۋە 1924 - يىلى 8 - ئايدا قەشقەر شەھىرى
كونا ئوردىدىكى قىرائەت-
خانىسىدا ئۇنى ئېچىنىش-
لىق ھالدا ئۆلتۈرۈۋەت-
كەن. ئىلىم - پەن، مە-
دەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ
دۈشمەنلىرى ئۇلۇغ ئالىم
ۋە تالانتلىق شائىرنى
خەلقتىن ئايرىۋەتكەن
بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر
خەلقى ئابدۇقادىر ئەزىزى
(داموللام)نى ئۆزىنىڭ
«قەدىرلىك ئۇستازى» دەپ



ھېسابلاپ، ئۇنىڭغا چوڭقۇر ماتەم تۇتقان، نۇرغۇن مەرسىيە ـ ناخشا، قوشاقلارنى يېزىپ خاتىرىلەش پائالىيەتلىرى ئېـ لىپ بارغان. بۇ قوشاقلار ئەنە شۇ تارىخىي شارائىتتا ئوتتۇرىـ غا چىققان بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەلبىنى روشەن ئىپادىلەپ بەرگەن.

بۇلبۇل ئىدىڭ بۇ باغدا،
سايرار ئىدىڭ بار چاغدا.
دۈشمەن سەندىن ئايرىدى،
ئەجەبمۇ يامان چاغدا.

ئېتىڭ بەكمۇ چىرايلىق
ئابدۇقادىر ئەمەسمۇ؟
خەلقىمىزگە يول باشلاپ
ئۆمرۈڭ ئۆتكەن ئەمەسمۇ؟

ئۆلتۈرگۈزدى دۈشمەنلەر،
كۆرەلمىگەن مەنمەنلەر.
سەنچۇن تۆكۈپ كۆز ياشنى
يىغلاپ قالدى دەردمەنلەر.

داموللام ئۆلۈپ كەتتى،
تالىپلار يېتىم قالدى.
سەن ياشىغان بۇ يۇرتتا
شەيتانۇ رەجىم قالدى.

ئاتۇش يولى تاشلىق ساي،
يېتىم يىغلار ماڭالماي.

قارشى چىقتى يولۇڭغا
مۇتەئەسسىپ رودۇپاي.

جايىڭ بولسۇن جەننەتتە،
هۆرلەر بولسۇن خىزمەتتە.
ئۇنتۇمايمىز بىز سېنى،
ۋەدىمىز شۇل، ئەلۋەتتە.

تاغلار، تاشلار تەۋرىشىپ،
قاتتىق چاقماق چاققانمۇ؟
دەريا سۈيى قان بولۇپ،
بۇگۈن تەتۈر ئاققانمۇ؟

قەشقەرنىڭ هاۋاسىنى
چاڭ ـ تۇمانلار باسقانمۇ؟
قەشقەرنىڭ جاهانىنى
قايغۇ ـ ماتەم باسقانمۇ؟

ئاي تۇتۇلماس، دەيتىمىز،
كۈن تۇتۇلماس، دەيتىمىز.
داموللىغا دۈيۈزلەر
قەست قىلالماس، دەيتىمىز.

قىلماق بولغان قەستىڭنى
ماڭا قىلساڭ بولماتتى؟!
قولۇڭدىكى پىچاقنى
ماڭا سالساڭ بولماتتى؟!

داموللام شىھىت بولدى،
ياتار جايى بىھىش بولدى.
داموللامغا قەشقەرلىك
كۆپ يىغلاپ بىھوش بولدى.

ئاق قۇشقاچ چۇرۇقلايدۇ،
چاڭگىسىنى تاپالماي.
تالىپ باللا يىغلايدۇ،
داموللامنى تاپالماي.

داموللام چىراغىغا
پەرۋانە بولاي دەيمەن.
ناھەق بولغان بۇ ئىشقا
دىۋانە بولاي دەيمەن.

داموللامغا قەست قىلدى،
يۇزى قارا دۆيۇزلەر.
كۆڭلىدە چىراغى يوق،
دىلى قارا ياۋۇزلار.

# گۈلەمخان قوشىقى

گۈلەمخاننىڭ[1] قوش پۆپۈكى
يەرگە تېگەمدۇ؟
ئون بەش ياشقا كىرمەي تۇرۇپ،
ئەرگە تېگەمدۇ؟

كىمنىڭ كىمنى يار تۇتۇشىنى
ھەر كىم بىلەمدۇ؟
ئۆزى سۆيمەي، مەيلى بولماي،
ئەرگە تېگەمدۇ؟

گۈلەمخاننىڭ تۇرغان يېرى
ئويمان بۇلاقتۇر.

---

① «گۈلەمخان» ۋەقەسى 1820 ـ يىلىدىن 1825 ـ يىلىغىچە ئىلى دەرياسى بويىدىكى «ئويمان بۇلاق» دېگەن جايدا يۈز بەرگەن. بۇ يەردە بىر كەمبەغەل دېھقان بولۇپ، ئۇنىڭ گۈلەمخان ۋە زىلەمخان ئاتلىق ئىككى قىزى بار ئىكەن. چوڭ قىزى گۈلەمخان تېخى ئون بەش ياشقا كىرمەي تۇرۇپ، ئۇنى ئەنگە چولاق دېگەن بىر قېرى شاڭيو كىچىك خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولىدىكەن، لېكىن گۈلەمخان قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىدىكەن ھەمدە ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان بىر يىگىت بىلەن قېچىپ كېتىپ، زالىم شاڭيو ئۆلگەندىن كېيىن، ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىدىكەن. گۈلەمخان ھەققىدىكى قوشاق بىر تارىخىي قوشاقلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ توي قوشاقلىرى سۈپىتىدىمۇ خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان.

گۈلەمخاننى زورلاپ ئالغان
شاڭيو چولاقتۇر.

گۈلەمخاندىن باشقا قىزنى
قېرى ئالمامدۇ؟
گۈلەم خېنىم چولاقلارغا
زايە بولمامدۇ؟

قويلىرىمنى ھەيدىۋەتتىم
ئويمان بۇلاقتا.
گۈلەمخاننى تۇتۇپ بەردى
شاڭيو چولاقتا.

گۈلەمخاننىڭ قورققان يېرى
ئويمان بۇلاققۇ.
گۈلەمخانغا چاڭگال سالغان
قېرى چولاققۇ.

كىچىك قىزنى زورلاپ ئالسا
ئۇۋال بولمامدۇ؟ !
گۈلەم خېنىم شۇ شاڭيوغا
زايە بولمامدۇ؟ !

گۈلەمخاننىڭ قوش پۆپۈكى
يەرگە سۆرۈلدى.
يۈرەكتىكى سېرىق سۇلار
قانغا ئۆرۈلدى.

چىقىپ باقسام، گۈلەم خېنىم،
تويۇڭ كېلەدۇ.
ساڭا مىكىن، ماڭا مىكىن،
تەقدىر بىلەدۇ.

ئالتە ـ يەتتە كەپتەرلىرىڭ
قوندى تېرەككە.
تاۋار توندا ئالتۇن تۈگمە
پاتتى يۈرەككە.

كىچىك بولسا چوڭ بولمامدۇ
باغدىكى تېرەك.
گۈلەم خېنىم سۇغا چىقسا
يېرىلار يۈرەك.

گۈلەمخانىنىڭ كىيگەن ئەڭنى
تاش پېشى سولجۇر.
قېرى بىلەن ياتماڭ ھەرگىز،
ساقىلى سانجۇر.

گۈلەم خېنىم ئوبدان بالا،
چېچى ئاز ئىكەن.
گۈلەمخاننى ئالغان شاڭيو
تۈتەك تاز ئىكەن.

قارا كۆڭۈل، زالىم شاڭيو،
ئالدىرىما تېخى.

بوينۇڭدا بار گۈلەمخاننىڭ
قىزىل تىرنىقى.

راھەت كۆرۈش زالىملارنىڭ
ھەققى دېمەڭلار.
ئەلەم تارتىش كەمبەغەلگە
باقىي دېمەڭلار.

ئامان بولساق يوقىتارمىز
شاڭيو قېرىنى.
سۆيىدىغان زامان كېلەر
ھەر كىم يارىنى.



# زىنداندىكى توختاخۇن

1840 - يىللار قۇمۇل ۋاڭلىقى يەنىمۇ چىرىكلەشكەن مەزگىل ئىدى. خوتۇنتام دورغىسى قول ئاستىدىكى خەلققە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى قاتتىق يۈرگۈزگەنلىكتىن، خەلقنىڭ ئۇنىڭغا بولغان نارازىلىقى كۈچلۈك ئىدى.

توختاخۇن يېتىم ئۆسكەن بالا بولۇپ، ئادالەتسىز زاماندا نۇرغۇن دەرد - ئەلەم ۋە ئازاب - ئوقۇبەتنى باشتىن كەچۈرىدۇ، بولۇپمۇ دورغىدىن نۇرغۇن خورلۇقلارنى كۆرىدۇ. شۇڭا، توختاخۇندا دورغىغا نىسبەتەن قاتتىق ئۆچمەنلىك پەيدا بولىدۇ. ئەزەلدىنلا ئىچى كۈچلۈك، ناھەقچىلىككە چىداپ تۇرالمايدىغان توختاخۇن ئۆزىگە ئوخشاش دەردمەنلەر بىلەن بىرلىشىپ دورغا بىلەن نەچچە رەت زاكونلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دورغىدا پەيت تېپىپ توختاخۇننى بابلاش قارا نىيىتى پەيدا بولىدۇ. بىر قېتىم دورغىنىڭ گالۋاڭ ئوغلى توختاخۇننىڭ ئايالىغا نىيىتىنى بۇزۇپ يول توسقاندا، توختاخۇننىڭ ئايالى ئايسىخان ئۇنىڭغا قاتتىق رەددىيە بېرىدۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان توختاخۇنمۇ دورغىنىڭ ئوغلىنى توسۇپ قاتتىق تەنبىھ بېرىدۇ. بۇ ئەلەمگە چىدىمىغان دورغىنىڭ ئوغلى دادىسىغا: «توختاخۇن ماڭا يولسىزلىق قىلدى» دەپ چاقىدۇ. ئارىدىن نەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، دورغىنىڭ ئوغلى قاتىللىق قىلىپ



بىر ئايالنى ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ. بۇنى راسا ياخشى پۇرسەت بىلگەن دورغا توختاخۇننى ئۆلگۈچىنىڭ ئۆيىگە يەم بىلەن باشلاپ كىرىپ، جىنايەتنى توختاخۇنغا ئارتىدۇ ۋە ئۇنى «قاتىل» دەپ ئەيىبلەپ ئوردىغا يوللايدۇ. ئوردىدىن سوراق قىلمايلا توختاخۇننى نوم① زىندانىغا تاشلايدۇ. بىر يىلدىن كېيىن قۇربان ھېيتتا نوم خەلقى توختاخۇنغا قۇربانلىق گۆش تاشلاپ بېرىدۇ. توختاخۇن قوۋۇرغا ئۇستىخىنى بىلەن زىندان تېمىدىن تاتما ياساپ قاچىدۇ. مەسئۇلىيەتتىن قورققان نوم دورغىسى توختاخۇننى بىرنەچچە كۈن ئىزدەپمۇ تاپالمىغاندىن كېيىن، ئاخىر بايدىن «ئىزچى» بوۋاينى چاقىرىپ كېلىپ، بىرمۇنچە پۇل بېرىپ ئۇنى ئىشقا سالىدۇ. ئۇچىنچى كۈنى ئىزچى بوۋاي ئاداقنىڭ مەلۇم بىر جايدىكى باغلاپ قويغان چۆپنىڭ ئارىسىدىن توختاخۇننى تېپىۋالىدۇ. توختاخۇن قايتا زىندانغا تاشلىنىدۇ. ناھەق جازا، چىدىغۇسىز زۇلۇمنىڭ ئەلەمىنى يەتكۈچە تارتقان توختاخۇن زىنداندا تۇرۇپ «زىنداندىكى توختاخۇن» دېگەن ناخشىنى ئاھاڭى بىلەن ئىجاد قىلىدۇ. نوم دەردمەنلىرى ھەر كۈنى زىندان سىرتىدا بۇ ناخشىنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ. بۇ ناخشا ناھايىتى تېزلا خەلق ئىچىدە ئومۇملىشىدۇ. توختاخۇن ئاخىر ئادالەتسىز زامانىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ ئېچىنىشلىق ھالدا زىنداندا ئۆلۈپ كېتىدۇ.

① نوم — ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى.

يالغۇز جىگدە ئۈستىدە،
سېغىزخان قونۇپ سايرىدى.
گاڭ غوجام كايىپ قېلىپ،
پېقىرنى نومغا پالىدى.

نومدا مەن كەتسەم ئۆلۈپ،
كۆزۈمنى قۇزغۇنلار چوقۇر.
ۋاڭ غوجامنىڭ قىلمىشىغا
بارچە ئەل لەنەت ئوقۇر.

قاراڭغۇ زىندان ئىچىدە
ياتىمەن ئاھلار ئۇرۇپ.
قانغۇدەك سۇ ئىچمىدىم،
تەنلىرىم كەتتى قۇرۇپ.

پۇتۇمدا ئىشكەل،
قولۇمدا كويزا.
تەنلىرىم يىرىڭ،
تارتتىم كۆپ جازا.

قومۇشلۇقتا تۇتۇلدۇم،
ئەمدى ھالىم نە بولۇر؟
يالماۋۇز يالاقچىلار
مېنى كالتەكلەپ ئۇرۇر.

مەن يۇرتۇمغا يېتىۋالسام،
دىلدا نە ئارمان ئىدى.

بالىلىرىمنى كۆرۈۋالسام،
ماڭا كۆپ دەرمان ئىدى.

توختاخۇنمۇ زىندانىدا
بەش يىل قىيىنىلىپ ياتتى.
ئىلكىنى تاتما قىلىپ
زىندان ئىچىدىن قاچتى.

زىندانىدىكى توختاخۇن
ھىيلە بىلەن قېچىپ كەتتى.
نەچچە كۈنلەر يول مېڭىپ،
خوتۇنتامدىن ئۆتۈپ كەتتى.

يولدا يوللار بار ئىكەن،
يوللاردا زىندان بار ئىكەن.
چىقمىغان جاننى كۆرۈڭ،
تاسمىدىن مەھكەم ئىكەن.

ماكانىمىز يەتتە يىللىق
قاراڭغۇ زىندان.
قارىسامەن كۆرۈنمەيدۇ
يەر بىلەن ئاسمان.

توختاخۇنغا تاماق بەردى
قىزىل چارىدا كېپەك.
توختاخۇننى زىندانغا سالغان
ئابلىزخان تەيجى بەگ.

قاچتىم ئەجەل زىنداندىن،
ماڭدىم چىغىر يول ياقىلاپ.
قوغلىدى جېسەكچىلەر
سۈرەن سېلىپ ۋارقىراپ.

زىندان تېمى ئېگىز ئىكەن،
سىيپاقسىز ئىكەن.
مەن يارىمنى كۆرەي دېسەم،
يول يىراق ئىكەن.

ئەي كاج پەلەك، نېمە دېسەم
بولىۈركىن سېنى؟
زۇلۇم، كۈلپەت ئارقىنىدا
چىرمادىڭ مېنى.

سەن يار ئۈچۈن ياتسام ياتاي
ئۈچ يىل زىنداندا.
ئۈچ يىل زىندان ئۈچ كۈنچە يوق
باغۇ بوستاندا.

زىنداندىكى توختاخۇن دەپ،
قىينىدىڭ مېنى.
دەرد ـ ئەلەمدىن بىر دەم خالىي
قىلمىدىڭ مېنى.

قىيناشىڭغۇ قىينىدىڭ،
گۇناھىم نەدۇر؟
ئاخىرەتتە سورىغىلى
خۇدايىم باردۇر.

# شېرىپ بوجاك

چىرا ناھىيە ئاقتاش يېزىسىدا 1946 ـ يىلى 9 ـ ئايدا نۇرى بەگنىڭ شېرىپ ئىسىملىك ئوغلىنى مۇئاۋىن بەگلىك ئەمەلىگە تەيىنلەپ يارلىق چۈشۈرىدۇ. بۇ ئىش بەگلىك تەمەسىدە ئىچى ئۆرتىلىپ، بىتاقەت ـ لىك تۇگمىنىدە ئېزىلىپ ئۇن بولۇۋاتقان سەيداجىغا قاتتىق ئە ـ لەم قىلىدۇ.

شېرىپ بوجاڭ ئون پولودىكى[1] مەكتەپ، مەدرىسىلەردە بىر ـ نەچچە يىل ئىلىم تەھسىل قىلغان، دادىسىغا ئوخشاش ئادالەتنى ياقلايدىغان، پۇقرانىڭ قاياشى ئىدى. ئۇ بەگلىككە تەيىنلەنگەن يىللىرى چىرا يامۇلى ئامبال سىپىلىنىڭ تەۋەلىكىدىكى پۇقرالارغا مال چارۋا بېجى، دېھقانچىلىق بېجى تاپشۇرۇش، ئون پولو تەۋەسىدىكىلەر تۇياق بېجى، دېھقانچىلىق بېجى ھېسابىغا ئوتتۇز سەر ئالتۇن تاپشۇرۇش، بۇلارنى ھەربىر ئائىلىنىڭ كۆ ـ كەرتكەن يېرى بىلەن، باققان چارۋىسىغا قاراپ يىغىۋېلىش، دې ـ گەن مەزمۇندا پەرمان چۈشۈرىدۇ. شۇنداق بولغاندا، يېرى، چار ـ ۋىسى كۆپ سەيداجى، مۇھەممەت بۇقا قاتارلىقلارغا سېلىق كۆپ چۈشەتتى. شۇ ۋەجىدىن ئۇلار نۇرى بەگ بىلەن شېرىپ بوجاڭغا،

---

[1] ئون پولو — چىرا ناھىيىسىنىڭ نۇرى ئىمالا، كېرىيە ناھىيىسىنىڭ ئاتچان، پولو يېزىلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئون پولوغا تەقسىم بولغان ئالتۇن سېلىقنى پۇقرالارنى كاندا ئالتۇن كولاشقا سېلىپ، چىققان ئالتۇنلاردىن تۆلىسەك، دېگەن تەكلىپنى بېرىدۇ، لېكىن شېرىپ بوجاڭ: «يامۇل سېلىقنى ئىدىگىلىگەن يېرىگە، چارۋا سانىغا قاراپ چۇشۇرگەن، ھەر كىم ئۆزىگە تەگمىشىنى تاپشۇرىدۇ» دەپ، ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىدۇ. ئون پولو پۇقرالىرى ئۇنىڭ ئادىللىقىغا، ساخاۋەتلىك ئىشلىرىغا يارىشا مۇنداق قوشاقلارنى توقۇپ راۋاب بىلەن ئېيتىدۇ:

چوڭ يامۇلنىڭ دەرۋازىسى
گاھ ئېچىلىپ، گاھ يېپىلۇر.
شېرىپ بوجاڭدەك مەردانە
قايسى يۇرتتىن تېپىلۇر !

نېنى يوققا نان بېرىپ،
مېلى يوققا مال بېرىپ،
شۆھرەت تاپقان شېرىپ بوجاڭ،
ئىشەنچ تاپقان شېرىپ بوجاڭ.

1946 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى چىرا يامۇلى شېرىپ بوجاڭنىڭ يۇرت سوراشتىكى جان پىدالىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇنى ئون پولونىڭ بەگلىكىگە (دادىسىنىڭ ئورنىغا) تەيىنلەپ پەرمان چۈشۈرىدۇ. يامۇلدىن چىققان چېرىكلەر بۇ پەرماننى نۇرى بەگ بىلەن كۆرۈشمەيلا قايىم بوجاڭغا بېرىپ قويۇپ چېرىغا قايتىدۇ. قايىم بوجاڭ ھايال قىلماي بۇ خەۋەرنى سەيداجىغا يەتكۈزىدۇ. ئۇلار ھەممە ئۇلپەتلىرىنى يىغىپ، پەرماننى ۋاقتىنچە يوشۇرۇپ تۇرۇپ، شېرىپ بوجاڭنى مەخپىي ئۆلتۈرۈش ھەققىدە كېلىشىدۇ.

شېرىپ بوجاڭ گۆدەك چاغلىرىدا مەھەللىدە بىرگە ئويناپ چوڭ بولغان ئىسلامخان دېگەن بىر قىز بار ئىدى. تولىمۇ لەۋەن بۇ قىزغا شېرىپ بوجاڭنىڭ ئۆزاقتىن بېرى مەيلى بار ئىدى. ئىسلامخانىنىڭمۇ ئۇنىڭغا مەيلى بار ئىدى، شۇڭا ئۇلار-نىڭ ئاخىرەتلىك ئەر - خوتۇن بولۇش ئىستىكى كۈچلۈك ئىدى. بۇنى بىلگەن مەككار سەيداجىلار ئالدى بىلەن ئىسلام-خانىنىڭ دادىسى چۇرۇق ئاكىنى قورقۇتۇپ ھەم پۇل بىلەن ئالداپ، ئىسلامخانىنىڭ رازىلىقىنى ئالمايلا، ئۇنى نىيازغازغا مەجبۇرىي نىكاھلاپ ئالدىراش توينى قىلىدۇ. سەيداجىلار بۇ ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ ئۆزلىرى رازى بولمىغان بۇ تويدىن كېيىن ھامان بىر كۈنى كۆرۈشىدىغانلىقىنى پەملەپ، تەرەپ - تەرەپكە مارىلاشقا ئادەم قويىدۇ. ئۇلارنىڭ كۈتكىنىدەك، مەلۇم بىر كۈنى شېرىپ بوجاڭ ئىسلامخانىنىڭ مەخپىي كۆرۈشۈش ھەققىدىكى بىر ئېلىك خېتىنى تاپشۇرۇۋېلىپلا، ۋەدە قىلغان ئورۇنغا بارىدۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا نىيازغاز غېرىب چېكەش قا-تارلىق چوماقچىلارنى باشلاپ كېلىپ شېرىپ بوجاڭنى خوتۇ-نۇم بىلەن زىنا قىلدى، دەپ قاتتىق دۇمبالايدۇ. ئۇرۇش-تىن مەقسەت قەتل قىلىش بولغاچقا، تاكى جېنى چىق-قۇچە ئۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئون پولونىڭ قاياشى، نۇرى بەگنىڭ گۆھىرى، نامراتلارنىڭ غەمگۇزارى شېرىپ بوجاڭ يىگىرمە ئال-تە يېشىدا ۋاپات بولىدۇ.



شېرىپجان دېگەن ئوغلان
نۇرى بەگنىڭ پاك ئوغلى.
ئون پولودا داڭقى بار،
تاغلىقلارنىڭ بۇلبۇلى.

ئون پولودا قىشمۇ ياز
قارلار ئېرىپ كەتمەيدۇ.
ئون پولودا ھېچ يىگىت
شېرىپجانغا يەتمەيدۇ.

تاغ باغرىدا ئوتلاقتا
قوي ـ كالىنىڭ ئىزى بار.
ئىسلامخاننى تاللىغان
شېرىپجاننىڭ كۆزى بار.

دومىلايدۇ سۈزۈك سۇ
دەريالارنىڭ تېشىغا.
كىچىك تۇرۇپ شېرىپجان،
بەگلىك قوندى بېشىغا.

يۇرت ئەھلىگە باش بولدى،
زالىملارغا تاش بولدى.
پەس كۆرمىدى نامراتنى،
غېرىبقا ئاداش بولدى.

يۇرتنى ئادىل سورىدى،
يولسىزلىقنى تورىدى.

تەڭ قارىدى ھەممىگە،
نۇشىرۋاننى دورىدى.

يامۇل سالغان ئالۋاننى
بايلارغىمۇ تەڭ چاچتى.
سەيداجىلار چىدىماي
بىر شۇملۇقنى پايلاشتى.

باشتىن كەلدى شىرىپ بوجاڭ
ئاق بوز ئاتتا چىپىپ ئويناپ.
سەيداجىنىڭ ياندا قلىرى
تۇرار ئۇنى مەخپىي پايلاپ.

ئىزدەپ قاتىل كېچەشتى،
كۆنلەر كەتتى، ئاي كەتتى.
سېتىۋالدى نىيازغاز
قانسىق غىرىب چېكەشنى.

يوماس تاغنىڭ[1] قاپتىلىدا
يامغۇر - يېشىن تۇمانى بار.
سىم - سىم يامغۇر دەپ قالماڭلار،
جىلغا - جىلغا قىيانى بار.

يوماس تاغنىڭ تۇمانىنى
ھەيدىگىلى شامال يوقمۇ؟

---

① يوماس تاغ — ئون پولودىكى بىر يايلاقنىڭ ئىسمى.

شېرىپجانغا بۇ خەۋەرنى
يەتكۈزگىلى ئامال يوقمۇ؟

ئالەم تەتۈر چۆرۈلدى
سەگۈ تېرەك ئۆرۈلدى.
يۈرەكلەرگە تىغ چۈشتى،
ياش زەردابقا ئۆرۈلدى.

يىغلاشماڭلار، ئون پولولۇق،
يىغلاشماڭلار، سۇلتانخانلار.
يىغلاشماڭلار، ئۇرۇق - تۇغقان،
ئويناپ كۈلگەن يارانلار.

يىغلاشماڭلار، قولۇم - قوشنا،
ئون پولونى نەس باستى.
جۇدا قىلدى شېرىپجاننى
غېرىب چېكەش ئالۋاستى.

پۈرچاق ئېشى مەززىلىككەن،
لەڭمەنمۇ ئېتىپ بەرسۇن.
شېرىپنىڭ دۈشمەنلىرىنى
جازالاپ ئېتىپ بەرسۇن.

شېرىپ بوجاڭغا يىغلايمىز،
ئەسلەپ ئۇنى قوشاق توقۇپ.
قەبرىسىنى چۆرگىلەيمىز،
ماتەم تۇتۇپ، ئىمان ئوقۇپ.

پوماس تاغنىڭ چوققىسىدىن
نۇرلۇق قاشتاش چۈشۈپ كەتتى.
قارا نىيەتنىڭ قەستىدىن
شىرىپ بوجاڭ ئۆلۈپ كەتتى.

پوماس تاغنى تۇمان باستى،
ئارانلىقنى[1] كۆرگىلى بولماس.
ئەمدى ھەرگىز شىرىپجاندەك
چىرايلىقنى كۆرگىلى بولماس.

يىغلاشماڭلار، ئون پولولۇق،
يىغلاشماڭلار، سۇلتانخانلار.
يىغلاشماڭلار، نۇرى بەگلەر،
قارا كۆزگە كۆز تەگدى.

يىغلاشماڭلار، نۇرى بەگلەر،
شىرىپجانغا كۆز تەگدى.
ھەي سەيداجى مۇناپىق
باغرىمىزغا قان چەكتى.

شىرىپجانغا كۆز تەگدى،
يۈرىكىگە مۇز تەگدى.
ئون پولونىڭ تاغلىرىنى
مۇسىبەت، ئەلەم ئەگدى.

---

① ئارانلىق (ئاراللىق) — جاي ئىسمى.

تۇمانلاندى كۆك ئاسمان،
مەرەپ قايتتى پادىلار.
شىرىپجاندەك گاڭگۇڭ ئەر
قەيەردىنمۇ تېپىلار؟ !

ئاقتاشتا بۇغداي تېرىسا،
ئۇنۇپ چىقتى بۇدۇشقاق.
شىرىپجانغا قەست قىلغان
مەمەت پوكان ئۇرۇشقاق.

ئوچىقىڭغا پاتامدۇ
يارماي سالغان كۆتىچەك.
غېرىب چېكەشنى قىچقىرىپ قويغان
قايىم بوجاڭ تېكىچەك.

قاتار ـ قاتار جىرىم سالسا،
ئوتتۇرىدا قىرىم بولدى.
ناۋايخانىنىڭ ئالدىدا
قىيامەت قايىم بولدى.

قىردىن كەلدى شىرىپ بوجاڭ،
بەك سال، دېدى قايىم بوجاڭ.
جان ھەلقۇمىغا كەلگەندە،
ئارىچىلاپ قويدى ئابلىز شوجاڭ.

دۇردۇن كەسكەن مىس قاچى،
تاۋار كەسكەن مىس قاچى.

شېرىپ بوجاڭنى ئۆلتۈرگەن
پولودىكى سەيداجى.

شېرىپ بوجاڭ ئات مىنەتتى
ئۈزەڭگىنى قېقىپ ـ قېقىپ.
سۇلتانخانىنىڭ كۆز ياشلىرى
دەريا بولدى ئېقىپ ـ ئېقىپ.

سەيداجىدۇر نائەھلى
ئەسلىي ئادەم ئەمەستى.
شېرىپ بوجاڭنى ئۆلتۈرۈپ،
«بەگلىك»تە ئىدى قەستى.

باش يەر تۆپىسىدە تېرىپتۇ
ئارپا بىلەن ئاق يازغا.
شېرىپ بوجاڭ ئۆلۈپ كەتسە،
تۇلەن قالدۇ نىياز غازغا.

ئىككى يامبۇنى بېرىپ،
تەزىمگە تۇردى جامال تازغا.
يىغلاشماڭلار، كۆز تەگدى
شېرىپ بوجاڭ سەرۋازغا.

ئۆلۈپ كەتتى شېرىپ بوجاڭ،
يېتىپ كەلدى بەگ بىلەن سوجاڭ.
خەۋەرگە ماڭدى مەمەت بوجاڭ،
چىرىدىن چىقتى مايوزى كوجاڭ.

قازناقتا باركەن ياغاچ باسماق،
تورۇستا باركەن تۆمۈر ئاسماق.
شىرىپ بوجاڭنىڭ بىشىغا چىققان
ئىسلامخان دېگەن قاسماق.

چالوڭ تاغدىن قوي ئېلىپ،
پوماس تاغقا يۈرەرمۇ؟
پولولۇقنى دېمىسە،
شىرىپ بوجاڭ ئۆلەرمۇ؟

شىرىپ بوجاڭ ئون پولودا
يىگىتلەرنىڭ گۈلى ئىدى.
شىرىپ بوجاڭ بەگ بولغاندا،
غېرىبلارنى يۆلىدى.

تەڭ يىغلىسا تەڭ يىغلاپ،
ئەل كۈلگەندە تەڭ كۈلدى.
ئاشۇ ئوبدان يىگىتنىڭ
ئۆلۈشىنى كىم بىلدى؟ !

چۈشتىن ئۆتۈپ بولدى پېشىن،
سۇ سەكرەيدۇ تاشمۇتاشتىن.
ئايرىلدۇق بىز يامان چاغدا،
شىرىپ بوجاڭ قېرىنداشتىن.

شىرىپ ئاخۇن بوجاڭلىقىدا،
ئابلىز هاجى شوجاڭلىقىدا.

ئىسلامخانىلار يىغلاشتى
مەكتەپخانىنىڭ بولجالىقىدا.

قۇربان ھېيت ناماز بولدى،
شېرىپ بوجاڭ مېيىت بولدى.
تاياق تېگىپ يەكشەنبە،
دۈشەنبە شېھىت بولدى.

شېرىپ بوجاڭ يۇمدى كۆز،
قىلالمىدى ھېچبىر سۆز.
مەقسىتىگە يېتەرمۇ
سەيداجى دېگەن قارا يۈز؟!

سول پۇت چۇشلۇق تاۋاسى،
ئوڭ چۈشتى ئوشۇق ئالچاسى.
شېرىپ بوجاڭنى ئۆلتۈرگەن
نىياز غازىنىڭ غالچاسى.

ئەي غالچىلار، غالچىلار،
خۇدا بەرسۇن جاجاڭنى.
ئىتمۇ سىيىپ سۇغارماس
ئۆلگەن چاغدا خاداڭنى.

چوڭ يامۇلنىڭ دەرۋازىسى
گاھ ئېچىلىپ، گاھ يېپىلۇر.
شېرىپجاندەك مەردانە
قايسى يۇرتتىن تېپىلۇر؟!

نېنى يوقتا نان بېرىپ،
مېلى يوقتا مال بېرىپ،
شۆھرەت تاپقان شېرىپ بوجاڭ،
ئىشەنچ تاپقان شېرىپ بوجاڭ.

شېرىپ بوجاڭ نوچىنىڭ
پۇتىدا بار كۆن مەسە.
شېرىپ بوجاڭ ئۆلمەستى،
ياخشى ئادەم ئۆلمىسە.

شېرىپ بوجاڭ ياش ئەردى،
ئون پولوغا باش ئەردى.
مۇتتەھەمگە زىق بولغان،
ياۋاشقا يولۋاس ئەردى.

شېرىپ بوجاڭنى ئۆلتۈرگەن
غېرىب چېكەش دېگەن غالچا.
خۇدا بەرگەي جاجىسىنى،
كۆزىگە پاتار سالچا.

شېرىپ بوجاڭ ئوينايتتى
ئاسماندىكى بوز قۇشتەك.
جىم بولۇپمۇ ھەم قالدى
ئۇچەككە كىرگەن قارا قۇشتەك.

سېرىق سۆگەت بوستان قىلىپ،
سايىسىدە ياتمىدى.

ئون پولودا شېرىپ بوجاڭ
مۇرادىغا يەتمىدى.

شېرىپ بوجاڭ ماڭاتتى
ئالتۇن ئۈزەڭگىنى قىقىپ.
سۇلتانخانلار يىغلايتتى
باغرىنى نەمگە يىقىپ.

ئۆي ئالدىدا سالاسۇن،
بەگلەر چىقىپ قاراسۇن.
شېرىپ بوجاڭنى ئۆلتۈرگەنلەر
چىرا يامۇلىغا سولانسۇن.

سۇپا ئۇستىگە كات قويدى
ھاجەتمەنلەر ياتسۇن دەپ.
ئۇرۇمچىدىن خەت كەلدى
غېرىب چېكەشنى ئاتسۇن، دەپ.

باشتا تۇتقۇلۇق ئەمەستى
بوجاڭلىق دېگەن مەنسەپنى.
شېرىپنى ئۆلتۈرگەن غېرىبنىڭ
پۇتىغا سالدى ئىشكەلنى.

شېرىپ بوجاڭ ئۆي ساپتۇ،
ئۇچ تېمىغا گۈل ساپتۇ.
بىر تېمىسى قالغاندا
ئاخىرەتكە يول ئاپتۇ.

تەلپىكىم سەككىز تالا،
تۆتى ئالا، تۆتى قارا.
شىرىپجانغا قەست قىلغان
پولودىكى نىياز قارا.

ئۆگزىدە «بوق - بوق» دەيدۇ
شىرىپ بوجاڭنىڭ دەمدىرى.
ئالدىدا زىكرى قىلادۇر
نۇر بېگىم پەدىرى.

سىنچاي چىنىدە مۇز بارمۇ؟
ئاپقۇر چىنىدە تۇز بارمۇ؟
ئۈچ مىڭ يۇرتنىڭ ئارىسىدا
شىرىپجاندەك ئۇز بارمۇ؟

چىرا يامۇلدىن خەت كەلدى
شىرىپ بوجاڭغا، بەگلىككە.
شىرىپ بوجاڭ ئۆلۈپ كەتسە،
ئون پولولۇق قالدى تەڭلىككە.

ئول يارلىقتا شىرىپ بوجاڭ
كۆتۈرۈلگەن بەگلىككە.
ئون پولو دېگەن جايدا
باش بولىدۇ ئەللىككە.

شىرىپ بوجاڭ ئۆزى ئەخمەق،
بېلىدە بار يۇلغۇن توقماق.

قايسى شەھەردە باردۇر
خوتۇن ئۇچۇن ئۆلۈپ ياتماق؟ !

قاچقۇنجىدا باققان قوينى
پوماس تاغقا ھەيدەيلىمۇ؟
شېرىپ بوجاڭ ماڭغان يولغا
گۈللەر تېرىپ يىغلايلىمۇ؟

# خاك قوشقى

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، يەرلىك پومېشچىك ـ زومىگەرلەر ۋە چىرىك ئەمەلدارلار شىنجاڭنىڭ تەبىئىي بايلىق ـ لىرىنى تالان ـ تاراج قىلىپ، ئەمگەكچى خەلقنى دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلدى. قەشقەردىن جان بېقىش كويىدا شىم ـ مالىي شىنجاڭغا چىققان تۇركۇم ـ تۇركۇم مۇساپىرلار ئۇ يەردىكى پىلچى، كۆكيار قاتارلىق كۆمۈر كانلىرىدا ئات ـ ئۇلاغ ئورنىدا ئىشلەپ كۆرمىگەن كۈنى، تارتمىغان دەرد ـ ئەلىمى قالمىغانىدى.

زۇخاڭدىن چۇشۇپ كېلىپ،
سونى چاپقان ئوخشايمەن.
بەرگىنى پۇچۇق ياماق،
جاننى ساتقان ئوخشايمەن.

ئەردىڭ يۇپاڭمۇ دەيمىز،
سەندىڭ يۇپاڭمۇ دەيمىز.
داڭقىدىن چۇشكەن ناننى
خام سۇغا چىلاپ يەيمىز.

چەنزە دېگەن تۆمۈرى،
قاپقارادۇر كۆمۈرى.
خاڭدا ئىشلىگەنلەرنىڭ
بەكمۇ قىسقا ئۆمۈرى.

دىڭخۇلۇنى كۆتۈرۈپ
خاڭنىڭ تېگىگە چۈشتۇق.
ئۆمرىمىزدە كۆرمىگەن
ۋەيلۇن دوزاخنى كۆردۇق.

خاڭنىڭ ئىچى قاراڭغۇ،
قوللىرىدا دىڭخۇلۇ.
دىڭخۇلۇنى ئۆچۈرۈپ،
قوغلاپ چىقتى مىڭخۇلۇ.

ئەردىڭ يۇپاڭ بار دەيسەن،
سەندىڭ يۇپاڭ بار دەيسەن.
بىشىڭغا گەنزى چۈشسە،
ئىستىقىنا جان دەيسەن.

جەنزە دېگەن بىر پالتۇ،
سۆرەپ كېلىدۇ لاڭتۇ.
تاش باغرىنى ئويغاندا،
ئەزىز باشقا مىڭ قايغۇ.

داڭ كاڭشۇ دەپ داڭلايسەن،
پاكا چاڭساندۇ ماڭدايسەن.

دېڭىزغا بېشىڭنى ئۇرۇپ،
«ئىسسىت، جان!» دەپ قاقشايسەن.

شاڭجۇ چاپىدۇ ئەخمەت،
شاجۇ چاپىدۇ رەخمەت.
ئۇچ چى سونى ئۆرۈگەن
داۋاتۇرغا مىلڭ رەھمەت.

قاسىم دېگەن شۇ باتۇر،
گەنجىلڭ يىگىت ئەمەسمۇ؟
بىگىسىسىنى كۆرسەتتى،
باتۇر يىگىت ئەمەسمۇ؟

كۆمۈرىمۇ ئۆرۈلدى،
داۋاتۇرمۇ قۇتۇلدى.
بوتۇلڭ دېگەن دۆيۈزگە
پومىدۇرلەر تۇتۇلدى.

لىڭسى دېگەن قارا يۈز
بېشىمغا بالا بولدى.
زۇخاڭدا تولا يۈرۈپ
كۆزلىرىمگە قان تولدى.

كاڭشۇ فاڭزىدا ياتسام،
گۇڭتۇ كېلىپ قوغلايدۇ.
ئاچ قالغان يېتىمچىلار
جىڭمۇما ئوغرىلايدۇ.

ئاۋۇت دېگەن گۈڭتۈرى
ئېسىپ قويىدى ئاسمىنى.
گۈندىخانا جايىڭ دەپ،
سولاپ قويىدى قاسمىنى.

سەمەت دېگەن پاينەكۋاش
لىڭسى مەن، دەپ توۋلايدۇ.
كاڭشۇلارنى يامان دەپ،
خاڭجالارغا بولايدۇ.

خاڭجالارنىڭ دەردىدىن
قېچىپ كەتتى كاڭشۇلار.
مەلىدە ئەدەپ كەتتى
قامچا تۇتۇپ شاڭيولار.

خاڭجانىڭ ئېتى ئەمەت،
لىڭسىسى يامان سەمەت.
ئېيتساق ھەرگىز تۈگىمەس،
ئىچىمىزدە تولا دەرد.

خاڭجاسىدىن قورقماستىن،
سۈيدۈڭگە كىرىپ كەتتۇق.
خوتۇن ـ بالىمىز ئاچ دەپ،
تۈنلەر يېتىپ غەم يەيتتۇق.

كاڭشۇمەن دەپ خاڭلاردا
گۈڭتۇ بىلەن ئېتىشتۇق.

ھالىمىزغا كىم يەتسۇن،
ئېلىشالماي قېچىشتۇق.

كۆكيارخاڭدىن ئەكەلدۇق
قالايدىغان كۆمۈرنى.
ئىسسىق كۆرمەي ئۆتكۈزدۇق
غېرىب ـ مىسكىن ئۆمۈرنى.

قەشقەردىن چىققان باللار
لەنتەيزىدە ئىشلىدۇق.
زالىملارنىڭ دەستىدىن
خالىڭ تېگىدە قىشلىدۇق.

زالىملارنىڭ خېڭىدا
مەمەت موللا شەنسىڭتى.
يالاقچىلار ئالدىدا
كۈن كەچۈرمەك تەس ئىدى.

يالاقچى ئىلەك دولان
ئىبراھىمنىڭ گۇڭتۇرى.
ھەسەن بوتۇلىڭ ھىيلىگەر،
قان يالىغان جۇت بۆرى.

ھەسەن بوتۇلىڭ دورغىسى،
ئاتىخان شاڭيو يورغىسى.
ھاۋۇز قارى مۇناپىق
ئادەم ئالداش موللىسى.

كۆمۈر خاڭدا ئىشلەيمىز،
ئايلىقىمىز بەش تەڭگە.
ئەجەبمۇ قىلىپتۇق بىز
تۇگىمەس ئازاب ـ غەمگە.

كىچىلەپمۇ ئىشلەيمىز
خاڭلاردا كۆمۈر تاشقا.
بوتۇلك كىلىپ ئۇرىدۇ
سىم قامچا بىلەن باشقا.

خاڭنىڭ ئاستى قاراڭغۇ،
ماڭالمىدۇق يول تېپىپ.
قوللار قاپىرىپ كەتتى،
كۆمۈرنى دەپ تاش چېپىپ.

ئىلى يولى خاڭ يولى،
رومالىدا ئاي گۈلى.
ئىلىدا تاپقان پۇللار
قىمارۋازنىڭ دو پۇلى.

قەشقەردىن چىققان باللار
تەڭدىن تولىسى خاڭدا.
يۇرتىغا كېتەي دېسە،
بىردىن چاپىنى داڭدا.

هەر ياقتىن كېلىپ باللار
خاڭ تېگىدە ئىشلەيمىز.

بوتۇڭغا قەرزدار بوپ،
باشمالتاقنى چىشلەيمىز.

خاڭدا ئىشلىگەن ئەرلەر
بولاپ ئالىدۇ سولا.
قانچە ئىشلىگەن بىلەن،
پۇلى يوق، دەردى تولا.

خاڭغا چۈشكەن يىگىتلەر
كۈن نۇرىنى كۆرمەيدۇ.
باي غوجامنىڭ دەستىدىن
قۇتۇلالماي يىغلايدۇ.

خاڭ تېگىگە چۈشكەندە،
سېۋەت توشتى كۆمۈرگە.
سېۋەت كۆتۈرۈپ يۈرۈپ،
زەخمەت يەتتى ئۆمۈرگە.

بىز گاڭگۇلغا بارغاندا،
خاڭدا كۆمۈر كولىدۇق.
كىيىم - كېچەك يوقىدىن
بىرمۇنچىمىز توڭلىدۇق.

خاڭنىڭ ئاستىغا كىرىپ
كۆمۈر بىلەن تاش ئالدۇق.
بالىلارنى خىيال قىلىپ،
كۆزىمىزگە ياش ئالدۇق.

ئۆزۈم خاڭدا ئىشلەيمەن،
ئايلىقىمىز بەش تەڭگە.
كۆڭلۈم مۇپتىلا بولدى
تۈگىمەس ئازاب ـ غەمگە.

كېچە ـ كۈندۈز ئىشلەپ،
قوللار تېشىلىپ كەتتى.
قىزىلگۈلدەك يىگىتلەر
خاڭدا قىيىنىلىپ كەتتى.

باش يوپاڭدىن ئۆتكەندە،
ئەردى يوپاڭ بار دەيدۇ.
خاڭ تېگىدە ئۇخلىسا،
بوتۇڭدىن تاياق يەيدۇ.

كۆڭلۈمنى ئاچاي دېسەم،
دۇتارىمنىڭ تارى يوق.
لىگسى باش بولۇپ بىزگە،
ئۆلگەن بىلەن كارى يوق.

گۇڭتۇلارغا بوغۇلۇپ،
خاڭلاردا يېتىپ قالدۇق.
خاڭجاسى يامان زالىم،
زۇلۇمغا پېتىپ قالدۇق.

پىلىچىگە چىقىپ بىز،
خاڭدا كۆمۈر كولىدۇق.
خاڭدا كۆمۈر ئۆرۈلسە،
«بارمۇ سەن؟» دەپ توۋلىدۇق.

ئىلىنىڭ داۋانىدىن
ئورۇق ئات ئۆتەلمەيدۇ.
خاڭدىكى مۇساپىرلار
پۇلى يوق كېتەلمەيدۇ.

خاڭغا بارىمەن، ئاتا،
كۆمۈر قازىمەن، ئاتا.
كىشى يۇرتىدا يۈرۈپ،
قانداق تۆزىمەن، ئاتا؟

ئىلىخونىڭ تاغلىرى،
تاغلىرىدا خاڭلىرى.
خاڭلىرىدا ئىشلەيدۇ
يوقسۇللارنىڭ باللىرى.

زۇخاڭدىن چۈشۈپ بارسام،
باش يۇپاڭنى بار دەيسەن.
خاڭجا بەگ بەرگەن نانىنى
داغ سۇغا چىلاپ يەيسەن.

قاتار ـ قاتار قاغىلار،
بارساڭلار سالام دەڭلار.
مېنى ئاتام سورىسا،
خاڭنىڭ ئاستىدا دەڭلار.

ئېتىزدىكى بوز تورغاي
باللىرىغا دان بەرگەن.

تۇرداخۇن جىگەر دوستۇم
خالق ئاستىدا جان بەرگەن.

بىز سەيسىگە تۇتۇلۇپ،
ئىشلىدۇق كۆمۈر خاڭدا.
كىچە ـ كۈندۈز ئىشلەپمۇ
قورساق تويمىدى نانغا.

قوللاردا مىتىن ـ كەتمەن،
چاپىمىز كۆمۈر ـ تاشقا.
خاڭجا كېلىپ قىستايدۇ
تاياقتا ئۇرۇپ باشقا.

زەمبىلدە توشۇپ كۆمۈر
قوللار تېشىلىپ كەتتى.
قورساق ئېچى بەك يامان،
بەللەر پۈكۈلۈپ كەتتى.

قىشتا خاڭدا ئىشلەيسەن،
يازدا باردۇر دودىشالق.
يازدا ئىشلەپ ئاشقىنىغا،
تەلىيىڭگە قىشتا خالق.

ئونىنچى ئاي بولۇپ قالدى،
يۇرۇڭلار، بارىلى خاڭغا.
خاڭجانىڭ پۇلى كۈچلۈك،
زۇلۇم سالىلى جانغا.

خاڭجا بېرىدۇ چاڭسا
زوخاڭدىن قاراپ ماڭسا.
باش يۇپاڭدىن ئۆتكەندە،
جاننى قولىغا ئالسا.

ئىلىنىڭ سول يېنىدا
قاراياغاچ دەپ غولى بار.
غولى قېشىغا جايلاشقان
پىلىچى دەپ خېڭى بار.

يازدا بولسا چاڭگۇڭ بىز،
خۇرجالارغا ئىشلىدۇق.
سوغ چۈشكەندە بىكار بوپ،
خاڭ تېگىدە قىشلىدۇق.

بوتۇڭلارنىڭ غېمى يوق،
قۇمدىن تولا ھېيلىسى.
بەل داۋاندا يول تورار،
خۇددى سايىنىڭ تۈلكىسى.

يۇرتداش بولۇپ ھال سوراپ،
باشلاپ بارار گەنزىگە.
بىز بىلىمىز، مەقستى
بوغۇپ ئالماق قەرزگە.

باڭمەن كېلىپ ھېجىيىپ
باشلاپ ماڭار زوخاڭغا.

«ياۋاش بولساڭ نەپ تولا»
دەيدۇ ئۇرۇپ دولاڭغا.

ئەردىڭ يۇپاڭمۇ دەيسەن،
سەندىڭ يۇپاڭمۇ دەيسەن.
خاڭغا چۈشكەن بالىلارنى
خۇدا، ئامان قىلغايسەن.

زۇخاڭ دېگەن تىك ئىكەن،
تەستە ماڭدۇق تېيىنىپ.
خاڭغا چۈشسەك تۇرۇپتۇ
لىڭخودىسى گىدىيىپ.

زادى دەيدۇ لىڭخودى:
كەتمەن ئالغىن قولۇڭغا.
ئۆلۈپ كەتسەڭ كارىم يوق،
چاققان ماڭغىن بوزىڭغا.

لىڭسى ماڭدى بوزىغا
سوگاڭزىنى كۆتۈرۈپ.
سو چىپىشمۇ بەك جاپا،
تاش چانايمىز كۈچىنىپ.

ئايلاپ چىقماي ئىشلىدۇق
بوتوڭلارنىڭ زۇلمىدىن.
ساق چىقىشقا ئۈمىد يوق
مىڭخۇلۇنىڭ ۋەھىمىدىن.

سېرىق ئىسنىڭ دەستىدىن
باش ئاغرىيدۇ چىڭقىلىپ.
كېسەل بولۇپ ياتساق بىز،
قاراپ قويماس كۆز سېلىپ.

كونا چاقنىڭ داڭقى بار،
سەكسەن يىللىق خاڭ دەيدۇ.
بىز ئىشلىسەك بوتۇڭغا،
نېسى باققان مەن، دەيدۇ.

كۆمۈر يارغان پومىدى
دىڭغا قاراپ تىڭشايدۇ.
كۆمۈر باسقان باللارنىڭ
ئەجەب جېنى قاقشايدۇ.

جۇۋاز كەستۇق بىر چىغا
ئەندىشىدە تېپىرلاپ.
چاققانلىقتا قاچىمىز
جان ساقلاشقا پىلدىرلاپ.

پىلىچىدە بار دەيدۇ
مەيدان دېگەن گەمىلەر.
ئاڭا كىرگەن ئادەمنىڭ
ھوشى كېتىپ چۆرگىلەر.

خاڭدىن چىققان مەيداندا
بىھوش بولدى مېڭىمىز.

يەر ئاستىدا ئىشلەيمىز،
ئامان بولسۇن جېنىمىز.

بىزنى ئەزگەن كانچىلار
قاتتىق تۇردى پۇلنى دەپ.
ئېتىمىزنى ئاتىماس،
قارا پاچاق ئوغرى، دەپ.

قاتتىق ئىشلەپ بىر قىشنى
ئۆتكۈزۈپتۇق كۈن كۆرمەي.
ئەتىيازدا بىز قالدۇق
يالاڭ ئاياغ، پۇل كۆرمەي.

قىچىپ كەتسەك گاڭگۇلغا،
يالاڭ ئاياغ سوغۇقتا.
زالىم قوغلاپ ئۇرىدۇ
ئاتلىق يەتسە تاياقتا.

ئاتتىن چاپسان ماڭىمىز،
سوغۇق بولغاچ يولىمىز.
ئاچ قورساقتا ئۇششۇپتۇ
قۇلاق، بۇرۇن، قولىمىز.

گاڭگۇل دېگەن تاغ ئىكەن،
بىر تەرىپى يان بېغىر.
جىمى خاڭدا ئىشلىدۇق،
جان بېقىشمۇ بەك ئېغىر.

لەلەشاڭدا ئىشلىدۇق،
ئۆمىلەپ مېڭىپ ياڭسەندە.
ھەممە يەردە ئامال يوق،
بولدۇق ئەجەب دەپسەندە.

قەشقەردىن چىقىپ كەلسەك،
ئاغى بۇلاقنىڭ تاغلىرى.
كېمىدىن ئۆتۈۋېدۇق،
ئىلىخونىڭ باغلىرى.

ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن ئىشلەپ
قالىمىز لەۋنى چىشلەپ.
تاۋكاغا كىمۇ كەلسۇن
ياندىكى پۇلنى پىشلەپ.

خاڭنىڭ باللىرى دەيدۇ،
قارا قۇندۇزغا ئوخشايدۇ.
چىشلىرى خۇددى سەدەپ،
كۆزى يۇلتۇزغا ئوخشايدۇ.

ئىلىخودا يېتىمچى،
ئىشلەر يېرى پىلىچى.
ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن ئىشلەپ
ئوتتۇز ياماق ئېلىشى.

گۇڭتۇلارغا بوغۇلۇپ،
خاڭلاردا يېتىپ قالدۇق.

جاڭساسى يامان زالىم،
زۇلۇمغا پېتىپ قالدۇق.

قارا خاڭدا ئىشلىدۇق،
قوناق ناننى غاجىلاپ.
خاڭجالڭ ياتۇر راھەتتە،
بىزلەر كۆلدە ئېغىناپ.

قۇدۇقتىن قۇدۇق چېپىپ،
كۆمۈرلۈككە يەتكەن بىز.
بەرگىنى سۇنۇق يارماق،
جېنىمىزدىن كەچكەن بىز.

بۇلبۇلى يوق باغ بولماس،
قار ـ يامغۇرسىز تاغ بولماس.
خاڭچىلارغا ئەزەلدىن
غەم ـ قايغۇسىز چاغ بولماس.

كۈندە ئون يول ماڭىمىز،
خالڭ ئىچىگە كۆمۈرگە.
چۈشسەك ـ چىقساق ھەر قېتىم،
قازا تەييار ئۆمۈرگە.

تىك قۇدۇقنىڭ تەكتىدە
كۆتۈرىمىز كۆمۈرنى.
جېنىمىزنى بېقىشقا
سەرپ قىلدۇق ئۆمۈرنى.

بىز ئىشلىگەن خاڭلارنىڭ
سۇيى كېلەر غۇلاچقا.
بوتۇڭلارغا ئىشلىسەك،
زو قىلىدۇ ئۇماچقا.

خاڭدا كۆمۈر كۆتۈرۈپ
ئوتتۇز كۈننى توشقۇزدۇق.
بەرگەن ھەقنىڭ تايىنى يوق،
جاننى تەستە قۇتقۇزدۇق.

خاڭدا كۈندە ئىشلەيمىز،
بەش سەرلىك قەغەز پۇلغا.
نەدە باركىن خۇشاللىق،
كەمبەغەل ئاجىز قۇلغا.

يوقسۇز بېشىم ئايلىنىپ،
خاڭ ئىچىدە ئىشلىدىم.
ئېغىر تۇرمۇش دەستىدىن،
خاڭ ئىچىدە قىشلىدىم.

پوستى توڭلاپ قالغاچقا،
قىشتا ياغاچ ئاقلانماس.
خاڭ ئىچىدە ئىش چىقسا،
خۇدايىمۇ ساقلىماس.

خاڭچى دەيدۇ باللارنى،
كۈندە قاتتىق تاش چاپار.

ئازراقۇنا پۇل ئۆچۈن،
ئەزىز جېنىنى ساتار.

خاڭدا ئىشلەپ بايلارغا،
ئۆتتى كۆنىنىڭ تولىسى.
باي قىلمىشقا خۇدانىڭ
بىزگە تەگمەس چولىسى.

بىزنىڭ ئۆيدە ئالتە جان،
ئون بەش تاغار ئاش كەتتى.
خاڭدا ئىشلىگەن باللارنىڭ
تەڭدىن تولىسى ياش كەتتى.

تۇرمۇش خاراب، ھاۋا سوغ،
باللار خاڭدا ئىشلەيدۇ.
كېچە ـ كۈندۈز تاش چېپىپ،
زاغرا ناننى چىشلەيدۇ.

خاك چاپقان يىگىتلەرنىڭ
يەيدىغىنى زاغرا نان.
قاتتىق تاشنى چاپقۇچە،
تەر ئورنىدا ئاقار قان.

جۇجەم تىكسەم، بەش يىلدا
نوتا ئۆسۈپ شاخ بولدى.
كۆمۈر كانىنىڭ ئىشلىرى
جېنىمىزغا جاق بولدى.

كۆمۈر كان دېگەن يەرنىڭ
يازى بىلەن قىشى يوق.
بوتۇڭلار ئەجەب بېخىل،
ئۆلۈم بىلەن ئىشى يوق.

بىزنىڭ باللار ئىشلەيدۇ،
مىڭ غۇلاچ يەر تەكتىدە.
ئۆيلەلمىدۇق باللارنى
يېشى توشقان پەيتىدە.

ئېگىزلىقتا باش تېرىپ،
جان ساقلىدۇق ئارانلا.
خاڭدا ئۆلۈپ باللار،
دىلدا قالدى ئارمانلار.

باغقا سەبدە تېرىسام،
ئېچىلماي توزۇپ كەتتى.
خاڭدا ئىشلىگەن باللار
ياش تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتتى.

# لاشمانلىق قوشاقلىرى

1914 ـ يىلىدىن 1916 ـ يىلىلىرىغىچە چارروسىيە ھۆكۈمىتى سىبىرىيە ـ تۈركىستان تۆمۈريولىنى ياساش ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىيا، يەنى يەتتەسۇ ئەتراپىدىن نۇرغۇن ئەمگەك كۈچىنى مەجبۇرىي ئېلىپ بارىدۇ، شۇ قاتاردا ئىلى رايونىدىن روسىيىنىڭ يەركەنت، ئاقسۇ ۋىلايىتىگە كۆچۈرۈلگەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدىنمۇ نۇرغۇن كىشى لاشمانلىق[①] (قارا خىزمەت)قا تۇتۇلىدۇ. بۇ قوشاقلار شۇ چاغدا مەيدانغا كەلگەن ۋە ئىلى رايونىغىمۇ كەڭ تارقالغان.

ئۆستەڭ ياقىلاپ مېڭىپ،
ئات قامچا تېپىۋالدىم.
لاشمانلىققا كەتكەنلەرنى
قوشاققا قېتىۋالدىم.

يىگىتلەرنى تالاشقان
ئاقسۇ بىلەن دولاتا.

① لاشمانلىق قوشاقلىرى ــ لاشمانغا بالا ئېلىشقا قارشىلىق كۆرسەتكەنلەردىن ئون ئىككى ئادەمنى چارروسىيە ھۆكۈمىتى قاپقا داۋان ئۈستىدە ئاتقان. بۇ قوشاقلاردا ئەنە شۇ قانلىق جىنايەت پاش قىلىنغان.

بۇ قوشاقنى توقۇغان
ئوسمانيۈزلۈك ئۇلاتا.

ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈنلەردە،
يىغلىغاندۇر چۆللەردە.
ئۈششاق باللىرى بارلار
زار يىغلايدۇ يوللاردا.

ئاسماندا ئۈچۈپ يۈرگەن
بوڭ - بوڭ قوڭغۇز ئەمەسمۇ؟
يىگىتلەرنى تۈتۈپ بەرگەن
ئازات توڭگۇز ئەمەسمۇ؟

لاشمانلىققا ماڭغاندا،
ئەل غەمدە يىغلاپ قالدى.
«ئامان بولغىن، بالام !» دەپ،
قارا كۆزگە ياش ئالدى.

ئاتلارنى قويۇپ يەنە
قىرغىز ماڭدى سايىغا.
تاغ - دېڭىز تىترەيدىكەن
قوۋم - قېرىنداش ۋايىغا.

ئاياللار تولا يىغلاپ،
ياغلىق ئۈچى ھۆل بولدى.
ئىشقا كېتىپ ياش باللار،
يۇرتىنىڭ ئىچى چۆل بولدى.

ئىشىك ئالدىدا سۇ ئاقار،
سۇ تېگىدە قۇم ئاقار.
لاشمانلىقتا كەتكەننىڭ
بالىسىنى كىم باقار؟

گۈل تىزىپ ئەينەككە قويدۇم،
قىسقىلى باللار قېنى؟
ئاش تېرىپ ساندۇققا قويدۇم،
يېگىلى باللار قېنى؟

تاغقا چىقتىم، كېيىك ئاتتىم،
ئارتقىلى ئاتلار قېنى؟
كۆتۈرۈپ ئۆيگە ئەكەلدىم،
يېگىلى باللار قېنى؟

ئاتا ـ ئانا بىچارە
زار يىغلىشىپ قالماقتا.
كۆڭلى قارا نىكولاي
ياش باللارنى ئالماقتا.

ئۆستەڭ ياقىلاپ ماڭسام،
ئورۇسلارنىڭ مۇنچىسى.
لاشمانلىققا كەتكەنلەر
قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسى.

پەرەڭ ياغلىق چىگىپسىز،
ئۇنى ئۆڭمەيدۇ دەمسىز؟

ئېرىگەنزنى سىپتىۋەتتى،
ئۇنى بىلمەيدۇ دەمسىز؟

قارىغاينىڭ يوپۇرماقى
قاتمۇقات بولار ئىكەن.
قېرىنداشتىن ئايرىلساڭ،
خويمۇ دەرد بولار ئىكەن.

شامال چىقسا گۈركىرەپ،
تال ئېگىلىپ پەس بولدى.
زالىملارنىڭ زۇلمىدىن
كۈن ئالماقمۇ تەس بولدى.

ئورۇسلارنىڭ دوختۇرى
ياش باللارنى كۆرىدۇ.
«ماڭ ئالدىغا! سەن تۇت!» دەپ،
كەمبەغەلنى ئۇرىدۇ.

قۇرئان ئاستىدىن ئۆتتۇق،
موللاملار ئوقۇپ تۇردى.
جېدەل چىقمىسۇن دېيىشىپ
ئۇيازلار قاراپ تۇردى.

بىز يەركەنتتىن چىققاندا،
ئاتلار قالدى تىزىلىپ.
ئامان بولساق كۆرۈشەرمىز،
قۇچاقلىشىپ، ئېسىلىپ.

يەركەنتتە ئىككى مەسچىت،
بىرى خەلىپە، بىرى تاش.
لاشمانلىققا كەتكەننى
كۆرەرمىكىن ئەزىز باش.

ھاجى توڭگۇز يەركەنتنىڭ
باللىرىنى كۆپ ساتتى.
ئۆزى ئىلىپ جىق پۇلنى،
قورسىقىنى دومبايتتى.

بىز يەركەنتتىن ماڭغاندا،
ئامبال ـ دوتەي ئۇزاتتى.
بەش كۇن ئۆتمەستىن تېخى،
قىيامەتنى كۆرسەتتى.

دەريا بويىغا كەلسەك،
قىبلىدىن بوران بولدى.
لاشمانلىققا ماڭغانلار
يىغلىشىپ راۋان بولدى.

شاكىرجاننىڭ دوپپىسى
ياغاچ قوزۇقتا قالدى.
شاكىرجاننىڭ ئانىسى
ھەسرەت ـ قايغۇدا قالدى.

ئېگىز دۆڭنىڭ باغرىدا
ئۇششاق ـ ئۇششاق قارا تاش.

لاشمانلىقتا ماڭ، دەيدۇ،
ئىسلام ئاخۇن ئەللىك باش.

ئۆستەڭ سۈيى ئېچىلدى،
تۇغانلىرى چېپىلدى.
لاشمانلىقتا كەتكەنلەر
مال ئورنىدا سېتىلدى.

يەركەنتنىڭ بازارىغا
كىرگەندۇ ئۇلاغ، سامان.
ئاڭلاڭلار، بۇرادەرلەر،
بىزنى كۆيدۇرگەن زامان.

ئېتىمنى توقۇپ قويدۇم،
يوپۇق ياپىمەن ئەمدى.
سۆيگەن ياردىن ئايرىلىپ،
يالغۇز ياتىمەن ئەمدى.

خامانغا كەتكەن باللار
ئەمدى بولدى تېپىنچى.
ئېگەرنى باشقا قويدۇق،
توقۇم بولدى يېپىنچى.

ئورۇس ھارۋىسى دەيدۇ،
ئالدى چاقى پەس ئىكەن.
لاشمانلىقتا بارماڭلار،
كۆن ئالماق بەك تەس ئىكەن.

يۇزبېشىغا يىغلىساق،
سۆزگە قۇلاق سالمايدۇ.
بۇنداق قىيىنچىلىقتا
بالىلار ئامان يانمايدۇ.

ساندۇق ئىچىدە ئۇزۇم،
يىغلايدۇ قارا كۆزۈم.
لاشمانلىقتا بىز ئاجىز،
ئۆتمەيدۇ مېنىڭ سۆزۈم.

كېلىمەن ئۇزۇن يولدا
كەينىمگە بەك قايرىلىپ.
قارىماس ئىدىم، دوستلار،
ئانام قالدى ئايرىلىپ.

قارىسام كۆرۈنمەيدۇ
بىزنىڭ ئۆينىڭ ياغىچى.
ئاھ دېسەم ئاۋۋال كەتتى
قارا كۆزۈمنىڭ يېشى.

بىزنىڭ تاپقان پۇلىمىز
نىكولاينىڭ قولىدا.
خويمۇ زىلۋا يىگىتلەر
لاشمانلىقنىڭ يولىدا.

نىكولاي باغرى تاشتىن
ئۇيازغا كەلدى بۇيرۇق.

زالىملار ئاتقا مىنىپ
بىزگە قىلماقتا زورلۇق.

ئاقساقالغا يالۋۇرسام،
ئويلاپ باقىلى، دەيدۇ.
ئەللىكبېشى ئامبالدىن
سوراپ باقىلى، دەيدۇ.

ئاقساقالغا يالۋۇرسام،
ئاقچاڭ بولسا بەر، دەيدۇ.
پۇلۇڭ بولمىسا سېنىڭ،
لاشمانلىققا بار، دەيدۇ.

لاشمانلىققا ماڭغاندا،
يەركەنتلەرگە قار ياغقان.
قېيىم بەگ، ھاجى بولۇس،
بىزنى ئاقچىغا ساتقان.

ھەممىنى قىلىپ يۈرگەن
ھاجى بولۇس ئەمەسمۇ.
ئۇ دۇنياغا بارغاندا
جاجىسىنى يېمەسمۇ.

قورقمايمىز بىز، بۇرادەر،
زالىملارنىڭ دوقىدىن.
ئاتا ـ ئانا خەت سالغىن،
يۈرۈپ تۇرغان پوچتىدىن.

قولىمىزدا ئاق ياغلىق،
كۆز ياشلارنى ئېرتىمىز.
ئاتا ـ ئانىنى تاشلاپ،
يۇرتتىن قانداق كېتىمىز؟

يۇتۇمدا يوغان چورۇق،
يولدا ماڭدىم چاڭ ئېتىپ.
لاشمانلىققا ماڭغاندا
ئانام قالدى زار ئېتىپ.

يەركەنتتىن چىقىپ كەتتۇق،
ئالمۇتىغا بىز يەتتۇق.
قىشنىڭ كۈنى سوغلاردا
مۇشەققەتنى كۆپ تارتتۇق.

ئالمۇتا خەلقى بىزگە
چاچاڭ قىلدى يوللاردا.
خۇشال بولۇپ ھەممەيلەن،
رەھمەت ئېيتتۇق ئۇلارغا.

بۇيرۇق بەرگەن نىكولاي،
مىڭ لاشمانچى ئالسۇن، دەپ.
كۆپ ئادەم دۇئا قىلدى،
ئامان ـ ئېسەن يانسۇن، دەپ.

ئىمپىراتور پادىشاھتىن
ئۇيازغا كەلدى بۇيرۇق.

ئاقساقال ھاجى بولۇس
بىزگە قىلماقتا زورلۇق.

لاشمانلىققا ماڭماستا،
ئادەملەر ئېتىلىپ كەتكەن.
زالىم بولۇس ـــ مىڭبېشى
ئاقچىغا سېتىلىپ كەتكەن.

لاشمانلىققا خەتلىدى
مىڭ يىگىتنى يارىتىپ.
نامىزىمىزنى چۇشۇرگەن
قىبلە ياققا قارىتىپ.

بىزنى نىكولاي ئالغاندا،
ئاكوپ كولايسەن، دېگەن.
بىز قايتالمايمىز دەپ،
ئەزىز جاندىن غەم يېگەن.

بىچارە لاشمانلىقلار
زالىملارغا باغلانغان.
ئاخشىمى ناخشا ئېيتىپ
كوچىلارنى ئايلانغان.

كوچىلارنى ئايلانساق،
يار بويىدا تۇرغۇزدى.
قېچىپ كەتمەك بولدى دەپ،
زالىملارغا ئۇرغۇزدى.

بىز كەلگۈچە ئاتىلار،
ئامان بولسۇن ئانىلار.
بىر كۈنى ھەم قايتارمىز،
بىزنى كۈتسۇن بالىلار.

تەمبۇرۇمنى چېكىمەن
كۈندە يىغلاپ، ناخشا ئېيتىپ.
ئۇخلاپ يېتىپ يىغلايمەن،
جان بالامنى ياد ئېتىپ.

ھەر جۈمەدە توپلىشىپ
ئۈستەڭ بويلاپ ئويناپتتۇق.
بىزنى تۇغقان يۇرتىمىز
يەركەنتكە ھېچ تويماپتتۇق.

لاشمانلىققا ماڭغاندا،
يەركەنتتە ئاتام قالغان.
ئامان بول ئانا دېسەم،
قارا كۆزىگە ياش ئالغان.

قىبلىدىن شامال چىقسا،
دەرەخ ئېگىلەي دەيدۇ.
يۇرتۇمنى خىيال قىلسام،
ئۆپكەم ئۆرۈلەي دەيدۇ.

بازار تەرەپكە ماڭدۇق،
«زامانەي» دەپ ناخشا ئېيتىپ.

سوغۇقتا ئىلىپ ماڭدى
كەمبەغەلنى قاقشىتىپ.

ھاۋادا ئۇچۇپ يۈرگەن
ۋىچىر ـ ۋىچىر قارلىغاچ.
لاشمانلىققا ماڭغاندا،
بالام قالغان يالىڭاچ.

ئالمۇتىدىن خەت سالدىم،
يېرىم ئالمىنى چىشلەپ.
ئامان بولساق كۆرۈشەرمىز،
ۋاگون يولىدا ئىشلەپ.

ۋاگون يولى قايدادۇر،
تۇپراقلىرى مايدادۇر.
لاشمانلىققا كەتكەنلەر
قارا كۆمەچ نان يەيدۇر.

لاشمانلىققا ماڭغاندا،
پۇتلار تېشىلىپ كەتكەن.
قىزىلگۈلدەك يىگىتلەر
خاڭلاردا ئۆلۈپ كەتكەن.

دۇتار پەدىسى پەدە،
پەدىسى غۇلاچ يەردە.
مېنى قايدا دەپ سورىساڭ،
يۈزۈپكا دېگەن يەردە.

يۇزۇپكا دېگەن جايدا
ۋاگونلارنى ھەيدەيمىز.
قالغانلار دۇئا قىلسۇن،
ئامان بولساق قايتارمىز.

كەتمەن بىلەن گۇرجەكلەر
لاشمانلىقنىڭ قولىدا.
ئۆلسەك جېنىمىز پىدا،
كەمبەغەلنىڭ يولىدا.

يۇزۇپكىغا بارغاندا،
ئىشلىدۇق كۆمۈر خاڭدا.
كىچە ـ كۈندۈز ئىشلەپمۇ،
زادى تويمىدۇق نانغا.

ئاتا ـ ئانام سورىسا،
يۇزۇپكا شەھرىدە دەڭلار.
قولىدا كەتمەن ـ گۇرجەك،
ئىشلەپ تۇرىدۇ دەڭلار.

قايناپ تۇرغان بۇلاققا
چۆمۈچ سالسام چۆكمەيدۇ.
لاشمانلىقتىن خەت سالسام،
يۇرتقا بېرىپ تەگمەيدۇ.

كەتمەن بىلەن گۇرجەكنى
تاشكۆمۈرگە چاپىمىز.

يەركەنتتە ئامان بارمۇ
بىزنى تۇغقان ئانىمىز؟

يۈزۈپكىدا ئىشلەيمىز،
يەرنىڭ ئاستىدا — خاڭدا.
خۇدايىمغا يىغلايمىز،
سەھەر ۋاقتىدا — تاڭدا.

زەمبىلدە كۆمۈر توشۇپ
قوللار قاپىرىپ كەتتى.
ئاچلىق بەك يامان ئىكەن،
بەللەر پۈكلىنىپ كەتتى.

بىرمۇنچىمىز ئىشلەيمىز
پويىزلارنىڭ يولىدا.
بەك تولا ئازاب چەكتۇق،
زالىملارنىڭ قولىدا.

قايان بېرىشنى بىلمەي،
فرۇنزىدا ئۈچ ئاي تۇردۇق.
ژاندارما ھەم غالچىدىن
تۈگىمەس ئەلەم كۆردۇق.

ئاسمانغا چىقاي ئىگىز،
بۇلۇتقا سالاي كىگىز.
زالىملارنىڭ كۆكسىگە
سانجىيمەن تۆمۈر بىگىز.

قوينۇمدىكى توقاچنى
سىيادان سىلىپ ياپقان.
باي بالىلىرى ئورنىغا
زالىملار بىزنى ساتقان.

ناغرا ــ دۇمباق چېلىندى،
يىغا ــ ئۈنلەر تارالدى.
ئاۋات بولغان شۇ يەركەنت
بارات ئايدا بۇزۇلدى.

ئەسسالامۇئەلەيكۇم،
«دانىشمەن» ئەللىكبېشى.
قىرىق يىگىت بىرەي دەپ،
قول قويغان ئەللىكبېشى.

قىرىق يىگىت ئاتلانسا،
كۆرۈنمەس سايىنىڭ تېشى.
لاشمانلىقتا ماڭغاندا،
خورىدى كۆزنىڭ يېشى.

لاشمانلىقتا ماڭغاندا،
كەينىمىزگە قايرىلدۇق.
ئۇرۇق ــ تۇغقان قېرىنداشتىن
ئۆلمەي تۇرۇپ ئايرىلدۇق.

قارا ئېتىم تاي ئىدى،
يوغان بولدى، ئات بولدى.

لاشمانلىقتا كەتكەنلەر
نىكولايغا خار بولدى.

ئاق كەپتەر، چىلان كەپتەر،
ئاق بۇغدايدىن دان يەيدۇ.
لاشمانلىقتا بىز ماڭدۇق،
ئاتا ـ ئانام غەم يەيدۇ.

ئۇيازدىن بۇيرۇق كەلدى
ئۇچتىن بىرىنى ئال، دەپ.
كەمبەغەللەر يىغلايدۇ
بولۇسلارغا بارماي، دەپ.

باينىڭ باللىرى قالدى،
بولۇسلارغا پۇل بېرىپ.
گاداي باللىرى كەتتى،
يىرتىلغان چاپان كىيىپ.

ئاتمىش بەشچە بالىنى
ئالدىغا ئىلغاپ تۇرۇپ.
«چاپسان بول !» دەپ ھەيدىدى،
قامچىلاپ ئۇرۇپ يۇرۇپ.

ئالتە يۈزچە بالىنى
بىر ـ بىردىن ساناپ قويدى.
بولۇسلارنى تىللىسام،
زەي ئۆيگە قاماپ قويدى.

لاشمانلىقتا بار دەيدۇ،
قايسى يەردۇر، بىلمەيمىز.
خوش، دوستلار، ئاغىنىلەر،
بىز ئاۋاتتا كەلمەيمىز.

كۆپكۆك يېشىل پوتامنى
بېلىمغا باغلاپ قويدى.
تۇرسۇندەك يالاقچىنى
يۇزبېشى سايلاپ قويدى.

ئاقساقالنى تىللىدىم،
بىزگە قىلدى كۆپ زورلۇق.
لاشمانلىقتا بارمايمىز،
سېتىۋالغان قۇلۇڭ يوق.

بېغىمغا گۇل تېرىسام،
ئېچىلماي توزۇپ كەتتى.
لاشمانلىقتا كەتكەنلەر
ياش تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتتى.

بىز قېرىلار ئۇستىگە
ھەر قەدەمدە مىڭ جاپا.
رەھىمسىز بۇ بەگلەردىن
كۆرمىدۇق ھېچبىر ۋاپا.

بىچارە يىگىتلەرنىڭ
تېپىلارمۇ خۇشلۇقى.

قىزىلگۈلنى ئۈزۈپ بەرگەن
ئۆزىمىزنىڭ بوشلۇقى.

بايلار ھەرگىز غەم قىلماس،
ھەممىسى ئۆيدە يېتىپ.
قايتۇرۇۋالدى بالىسىنى
بەزىسى بەگدىن سېتىپ.

كەلمىگەن بۇنداق بالا،
كۆرمىگەن ئاتا ـ بوۋا.
قېرىنداشلار نە قىلسۇن،
يوقتۇر بىزگە ھېچ داۋا.

لاشماندىكى ياشلارنى
كۆرگىلى بولارمىكىن؟
سولاشقان مېنىڭ جېنىم،
سەن كەلگۈچە تۇرارمىكىن؟

يۇقىرىقى گازارمىغا
سولاپ قويدى بالامنى.
قانداق تاشلاپ كېتەرسەن،
جېنىم بالام، ئاناڭنى؟!

مايسا تېرىپ، دان تېرىپ،
جان ساقلىدۇق ھەممىمىز.
يۇرتىمىزدىن يوقالدى،
قايان كەتتى بالىمىز؟!

تاش ئاتتىم سايغا چۈشتى،
سايىنىڭ تاشلىرى ئۈچتى.
جان بالام، جېنىم بالام،
قارا كۆزۈمدىن ئۈچتى.

قارا ـ قارا قاغىلار،
ئېگىز ـ ئېگىز ئۆچۈڭلار.
مېنىڭ باللىرىم نەدە؟
خەۋەر بېرىپ تۇرۇڭلار.

تام ئۈستىگە تام قويدۇق،
هويلىنى يوغان قۇرۇپ.
قەيەرلەردە يۈرگەندۇ،
باللىرىم غېرىب بولۇپ.

يار بويىدا بەش ئۆردەك،
بەشلىسى بىر خىلدەك.
لاشمانلىقتا كەتكەنلەر
ئېچىلغان قىزىلگۈلدەك.

ئېگىز دۆڭگە ئۆي سالدىم،
قۇم چۆگۈنگە چاي سالدىم.
لاشمانلىقتا، بالامغا،
پوچتا بىلەن خەت سالدىم.

ئون ئالتىنچى يىلىدا،
مالاي بولدۇق ھەممىمىز.

بالىلاردىن ئايرىلدۇق،
قانداق كۈنلەر كۆرىمىز؟

ئالىملار پىشىپ قالدى
يېشىل باغلار ئىچىدە.
ئامان يانغىن، سەن بالام،
يالغۇز ئاناڭ بەختىگە.

ئوڭ قولۇمدا ئوڭ ئۈزۈك،
سول قولۇمدا سول ئۈزۈك.
بالامدىن ئايرىلغۇچە،
ئۆلۈپ كەتكىنىم تۈزۈك.

ئالتىنچى ئاي باھاردا،
ئارا ـ گۈرجەك خاماندا.
بالىلىرىمنى يادلايمەن،
بىر كۆرۈشكە ئارماندا.

ئوت يېقىلدى جېنىمغا،
ھېچ كىشى بىلمەس ئۈنى.
خۇدايىمغا تاپشۇرۇپ
قويدۇم، بالىلىرىم، سىنى.

غەيرىتىم، جان قۇۋۋىتىم،
ياندىكى رۇستەملىرىم.
سۇ قۇيۇپ تەربىيە قىلغان
باغدىكى بوستانلىرىم.

سەندىن خوشلىشىپ قالدى
ئاقسۇ، كەتمەن تاغلىرى.
قولۇمدىن ئۇزۇلۇپ كەتتى
بۇ يۇرەكنىڭ باغلىرى.

بۇ يۇرەك قايناپدىغۇ،
ئوتتا قويغان چەينەكتەك.
ئارقاڭلاردا بىز قالدۇق،
كاككۇك بىلەن زەينەپتەك.

ئەمدى مەن قانداق قىلاي،
بۇ يىگىتلەر بەختىنى.
ساقلىغىن، ئاللا كەرىم،
ئوت ئىچىدە پاختىنى.

چىغلىق تىكەن ئىچىدە،
قۇمدىن تولا ئاق توشقان.
بۇ قوشاقنى قوشمايتتۇق،
دەردكە پايلىماي قوشقان.

ئاڭلاڭلار، خالايىقلار،
ئولاتا ئېيتقان بېيىتنى.
لاشمانلىققا تۇتۇپ بەردى
ھەمدەم دېگەن شېھىتنى.

قايقا داۋان تاغلىرى،
تۈكۈلگەندۇر قانلىرى.

تۇتۇپ نەيزە سالغاندا،
سىرقىرىغاندۇر جانلىرى.

توختىنىياز دېگەن باتۇر
قايقا ئۈستىدە ياتۇر.
كۆپنىڭ غېمىنى كۆزلەپ،
ئۆز بېشىنى يەپ ياتۇر.

يەرلىكنى كولاۋېتىپ،
كەتمەن قايرىلىپ كەتتى.
قايقىنىڭ يىگىتلىرى
ياش تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتتى.

قارا ـ قارا قاغىلار
باللىرىغا دان بەرگەن.
كىچىككىنە مۇساۋاي
قايقا ئۈستىدە جان بەرگەن.

دۈشمەنلەر چىقىپ كەلدى،
قايقا ئۈستىدىن ئۆتۈپ.
شېھىت بولغان يىگىتلەر
قالدى قانلارغا پېتىپ.

يۇقىرىدىن چۇشۇپ كەلگەن
جەرەن كۆزلۈك جارۇللا.
قايقا ئۈستىدە ياتۇر
قۇندۇز كۆزلۈك ياش باللا.

قايقا يولى تار ئىكەن،
ئىككى يېقى قار ئىكەن.
بالىسىنى كۆرمەككە
بارچە يوقسۇل زار ئىكەن.

بۇلبۇل سايرار ياز كېلىپ،
كۆك چىمەن باغ ئىچىدە.
جاننى بەردىڭ ۋاقىتسىز،
باياۋان تاغ ئىچىدە.

ئاسماندىكى ئاي قايدا؟
«ئاۋات» دېگەن جاي قايدا؟
يۇرتىنىڭ كۆز نۇرى بولغان
توختىنىياز باتۇر قايدا؟

چۆل قايقىنىڭ بېشىدا
قار كۆچمەي يېتىۋالدى.
شېھىت بولغان ئەرلەرنىڭ
بالىلىرى يېتىم قالدى.

قايقا يولى ھەيۋەتلىك،
بۇلاق سۈيى شەربەتلىك.
مەقسىتىگە يېتەلمىگەن
كېرىم ئاخۇن رەھمەتلىك.

ئۆستەڭ بويىدا يالپۇز،
يالپۇزنىڭ شېخى يالغۇز.

جىنىمغىنا شۇ ئادەم
قايقا ئۇستىدە يالغۇز.

ئالما ئاتتىم دەرياغا،
لەيلىۋالدى، چۆكمەيدۇ.
قىرىنداشنىڭ ئوتلىرى
يالقۇنجايدۇ، ئۆچمەيدۇ.

ئوقنى ئاتتى يۈرەككە،
يىنىپ تەگدى بىلەككە.
باي زالىملار قىلغىنى
ئورناپ كەتتى يۈرەككە.

ئىشىك ئالدى توپ سىدە،
ئاتقا سىپ بىرەي بىدە.
زالىملارنىڭ زۇلمىدا
بولدى يۈرەكلەر زىدە.

كەچ كىردى، زاۋال بولدى،
دەرۋازىنى ياپقاندۇر؟
شېھىت بولغان يىگىتلەر
قانغا مىلىنىپ ياتقاندۇر.

ئۆستەڭ بويى سۈزۈك تاش،
ماڭغانلارنىڭ كۆزى ياش.
بۇ پەرماننى چىقارغان
نىكولاي زالىم باغرى تاش.

# كۆچ-كۆچ قوشىقى

چارروسىيە «روسىيە چېگرىسىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپا-لەتلىك قىلىش» دېگەننى باھانە قىلىپ، 1871 - يىلى 6 - ئايدا ئەسكەر چىقىرىپ ئىلىنى بېسىۋالغان.

چارروسىيە ئىلىنى بېسىپ ياتقان ئون يىل (1871 — 1881) ئىچىدە ئىلى رايونىدىكى نۇرغۇنلىغان دېھقان - چارۋىچىلارنى روسىيە تەۋەسىگە مەجبۇرىي كۆچۈرۈپ كەتكەن. تەھدىت ئاس-تىدا روسىيە تەۋەسىگە كۆچكەن جۇڭگو دېھقانلىرى، چارۋى-چىلىرى ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ، سەرسانلىق - سەرگ-ەردانلىق ئازابىنى يەتكۈچە تارتقان. ئۇلار توقۇغان «كۆچ - كۆچ قوشىقى»دا چارروسىيىنىڭ بۇ «كۆچمەن»لەر ئۇستىدىن يۈرگۈزگەن دەھشەتلىك زۇلۇمى پاش قىلىنغان ۋە قاتتىق ئەيىبلەنگەن.

ئاق پادىشاھ لەشكىرى
ئالتۇن كولاپ، تاش كەستى.
دېھقانلارنى «كۆچ - كۆچ» دەپ،
قىلىچ بىلەن باش كەستى.

ئورۇس هارۋىسى دەيدۇ،
ئالدى چاقى پەس ئىكەن.
خەقنىڭ يۇرتىدا يۇرۇپ
كۆڭۈل ئالماقمۇ تەس ئىكەن.

هارۋىدا كېتىپ بېرىپ
كەينىمىزگە قايرىلدۇق.
بىتەلەي ئىكەنمىز بىز،
ئاتا ـ ئانىدىن ئايرىلدۇق.

قارىغاي يوپۇرمىقى
ياپيېشىل بولار ئىكەن.
ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلسا،
خويمۇ دەرد بولار ئىكەن.

قارىساق كۆرۈنمەيدۇ،
بىزنىڭ ئۆينىڭ ياغىچى.
ئېتىزلاردىن يەر تەگمەي،
ماكان بولدى تاغ ئىچى.

گۈلنى تەردىم هويلامغا،
قىسقىلى قىزلار قېنى؟
تىزىپ قويدۇم نان يېقىپ،
يېگىلى باللار قېنى؟

كىچىك بالا ئوينايدۇ
تال چىۋىقنى ئات قىلىپ.

كۆچمەن باللار يىغلايدۇ
ئۆز شەھىرىنى ياد ئېتىپ.

قارا ئېتىم تاي بولدى،
يوغان بولدى، ئات بولدى.
يۇرتتا قالغان تۇغقانلار
ئەمدى بىزگە يات بولدى.

بىز ئېلىدىن چىققاندا
ئالتىنچى ئاي روزىدى.
باشقا ئەلەم كەلگەندە،
ئاتا ـ ئانا بولسىدى.

ئاخشىمى قاراڭغۇدا
كۆرۈنەر چىراغ ئوتى.
كەڭ يايراپ يۈرەي دېسەم،
قورقىمەن، خەقنىڭ يۇرتى.

ئېلىدىن چىققان يىگىت
تونى بار، تۈگمىسى يوق.
بېشىغا گۈل قىسىپتۇ،
گۈلى بار، غۇنچىسى يوق.

كەچ كىرىپ تاڭ ئاتمايدۇ،
مەن بىلەن قېرىشقاندەك.
يۇرتۇمدىن ئايرىلدىم مەن
لاچىن سوققان توشقاندەك.

قارسام كۆرۈنمەيدۇ
يۇرتىمىز — ئاۋرال تېغى.
ئەجەبمۇ يامان ئىكەن
تىرىك ئايرىلىش دېغى.

بۇرادەرلەر، خوش ئەمدى،
خۇدايىمغا ئامانەت.
جېنىمىز ئامان بولسا،
كۆرۈشەرمىز سالامەت.

ئاتالىق ئارزۇلۇق باشىم،
ئانالىق ئارزۇلۇق باشىم.
ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەندە
سۇ بەرگەن قېرىنداشىم.

خويمۇ خار بولۇپ كەتتۇق
خەقنىڭ يۇرتىدا ئىشلەپ.
يار خالتا ئەۋەتىپتۇ،
بىر توقاچنى چىشلەپ.

چۆللەرگە چىقىپ كەتسەك،
چۆلنىڭ بۆرىسى باردۇ.
كۆچمەن كۆچكەن ئەللەرنىڭ
قېرى - چۆرىسى باردۇ.

كۆچمەن كۆچكەن ئادەملەر
قىبلىگە قاراپ ماڭدى.

ئەل ـ يۇرتىغا خوش ئېيتىپ،
كۆزلىرىگە ياش ئالدى.

ئۆسەككە بارارمىز دەپ،
ئەسكى تام ئارا ياتتۇق.
مال ـ ماكاندىن ئايرىلىپ،
غەم ـ ئەندىشىگە پاتتۇق.

قالدى مىڭ جاپا بىلەن
تىككەن باغۇ بوستانلار.
يۇرت ـ مەلىدىن ئايرىلىپ
يۈرەكتە قالدى ئارمانلار.

يولدا ھېچ توختاتمىغان
يېڭى مايور ئەر ئەمەس.
باشقا قاتتىق كۈن چۈشتى،
بەش خولۇقتىن يەر بەرمەس.

كۆرەدىن چىققان ھارۋا
يانبۇلاقتا ياماشتى.
مەن يۇرتۇمغا قارىسام،
يىغا ماڭا ئولاشتى.

ئىلىدىن چىقىپ كېلىپ،
يانبۇلاقتىن قايرىلدۇق.
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن جايلاردىن
ئۆلمەي تىرىك ئايرىلدۇق.

يەركەنتنىڭ يولى دەيدۇ،
كۆۋرۈكىدە يوغان تاش.
بىزنى يۇرتتىن ئايرىغان
نىكولايدۇر باغرى تاش.

ئەلنىڭ ئالدى كەلگەندۇر
قورغاسنىڭ بازارىغا.
تاۋاپ قىلىپ ئۆتسەڭچۇ
ئىلىنىڭ مازارىغا.

يەركەنت يېنىدا ئۆسەك،
ئۆسەكتىن ئۆتۈپ تۇرغىن.
بۇ جەبرىنى قىلدىڭسەن،
ئاخىرى ئۆزۈڭ كۆرگىن.

جىڭلاپ بەرگەن ئۇنىدىن
ئېتىپ ئىچىمىز ئاشنى.
بۇيرۇسا كۆرەرمىزمۇ،
ئاتا ـ ئانا، قېرىنداشنى.

ئوقنى ئاتتى يۇرەككە،
يېنىپ تەگدى بىلەككە.
ئاق پاشانىڭ قىلىقى
ئورناپ كەتتى يۇرەككە.

«ئالمۇتاغا كۆچ» دەيدۇ،
بارار يېرىمىز قۇملۇق.

راست گېپىنى ئېيتمايدۇ،
كۆزى كۆك، بېشى يۇغلۇق.

بۇ يولدا تولا مېڭىپ
پۇتۇم قاپىرىپ كەتتى.
ھارۋىغا چۇشەي دېسەم،
ئۆكۈز ئالدىراپ كەتتى.

بۇ يولدا تولا ماڭدىم،
بۇ يول مېنىڭ يولداشىم.
ھېرىپ ـ ئېچىپ كەلگەندە،
سۇ بەردى بىر قولداشىم .

ئىلى يولىدا تاللار،
ھەر تاللاردا مارجانلار.
خەقنىڭ شەھرىدە ئىشلەپ،
ئۇپراپ كەتتى بۇ جانلار.

چېلەك ـ چېلەك دەيدىكەن،
ماختىغۇچىلىكى يوق چېلەك.
كەلگۈچە ياياق كەلدۇق،
تەتۇر ئىكەن بۇ پەلەك.

كۆچمەن بولغان ئادەملەر
قىبلىگە قاراپ ماڭدى.
كۆچمەي قالغان ئادەملەر
زالىم قولىدا قالدى.

ئۆسەككە بارارمىز دەپ،
ئۆسەكچى خىيال قىلدى.
يەركەنت دېگەن يەرلەرگە
كۆچۈپ بارغانلار بولدى.

يەركەنت دېگەن يەرلەردە
قارىياغاچ كۆپ ئىكەن.
غېرىبلىق ئەسىر قىلسا،
خەق دەردلىك بولار ئىكەن.

كەتمەيمىز دېگەنىبىلەن،
بۇ ئىشقا نېمە چارە؟
غۇلجىنى بېسىۋالدى،
دىلىمىز سۇنۇق - پارە.

ئۆسەككە بارارمىز دەپ،
ئەسكى تام ئارا ياتتۇق.
ئۆي - جايىمىز پۇتكۇچە،
مۇشەققەت - ئەلەم تارتتۇق.

زالىم بەگلەر يول بەرمەس،
يول ئۈستىدە تۇرغۇزماس.
باشقا قاتتىق مۈك چۈشتى،
بەش خولۇقتىن يەر تەگمەس.

# ساری جاز قوشقی

چار پادىشاھ ھۆكۇمىتى ئىلىنى بىسىۋالغان مەزگىلدە، ئىلىدىكى ئۇيغۇر، خۇيزۇ دىھقانلىرى ۋە قول ھۈنەرۋەن، كاسىپلارنى مەجبۇرىي ھالدا روسىيىنىڭ قاراقول، تالغىر، چېلەك، ئالمۇتا قاتارلىق جايلىرىغا كۆچۈرگەن.

ساری جاز ئالمۇتاغا قاراشلىق بىر كىچىك ناھىيە بولۇپ، كۆچمەنلەرنىڭ بىر قىسمى مۇشۇ جايغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئەينى يىللاردا توقۇلغان بۇ قوشاقتا كۆچمەنلەرنىڭ ساری جازغا يېتىپ بارغاندا بېشىدىن كەچۈرگەن ئېغىر كۈنلىرى ۋە تارتقان دەرد ـ ئەلەملىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئاخشىمى قاراڭغۇدا،  
غېجەك سوقىمىز تاك ـ تاك.  
نېمە تاپىمەن دەيسەن،  
مەخپىد شاڭ بېگى — پاختەك.

پالۋاننىڭ مىنگەن ئېتى  
ياتقان يەردە ئېغىنار.  
بىچارە شۇ پالۋانلار  
بالىلىرىنى سېغىنار.

بەك غېرىب بولدى كىشى
باغراش دېگەن تاغ ئېچىدە.
قانىتىم بولسا ئۇچارمەن
قاپقاراڭغۇ كېچىدە.

كەلمىگەن يەرگە كېلىپ
ئەندىشىدە قالدى كىشى.
چەككىلى تاماكا يوق،
مۇڭداشقىلى نەدە كىشى؟ !

كۈچ ـ قۇدرەتلىك ئىگەم ئاللا
ئالەمنىڭ شاھى.
خۇدايىمغا يەتمەمدىكىن
بەندىنىڭ ئاھى !

ئەي كاج پەلەك، نېمە دېسەم
بولۇركىن سېنى؟
زۇلۇم ـ كۈلپەت ئارقىنىدا
چىرمادىڭ مېنى.

زىنداندىكى توختاخۇندەك
قىينادىڭ مېنى.
دەرد ـ ئەلەمدىن بىردەم خالىي
قىلمادىڭ مېنى.

قىيناۋەرمە، قىيناۋەرمە
ئۇۋالىم باردۇر.
قىيامەتكە بارغىنىمدا
سوراقىم باردۇر.

# ئۆتمۈشتىكى زۇلۇملار

ئەجەب بىر زامان بولدى،
ئالەم چۆرگىلەي دەيدۇ.
يۈرەكتىكى زەرداب سۇ
قانغا ئۆرۈلەي دەيدۇ.

قىيان كەلدى شارقىراپ،
ساي بوينىنى ياقىلاپ.
جاننى ئالدى بەگ ـ بوجاڭ
سېلىق بەر دەپ كاركىراپ.

ۋاخ يەتسە ئېچىلمامدۇ
باغقا تېرىغان گۈللەر.
ئۈنتۈلمايدۇ ھېچقاچان
باشقا چۈشكەن بۇ كۈنلەر.

سايرامنىڭ كۆلى دەيدۇ،
بىز قايتقۇچە توڭلايدۇ.
غەمگە پاتقان بېشىمنى
خۇدا ئۆزى ئوڭلايدۇ.

بۇنداقمۇ بولارمەنمۇ،
بالاغا قالارمەنمۇ؟
جاپانى تولا تارتىپ
ھالاۋەت كۆرەرمەنمۇ؟

ئۆستەڭ ياقىلاپ مېڭىپ
تېرىۋالدىم غازاڭنى.
ئالدىرىمىغىن، زالىملار،
بىز بېرىمىز جاجاڭنى.

زەپمۇ پاتقان گومىنداڭ
كەمبەغەلنىڭ جېنىغا.
كىرىپ كەتتى بارىمىز
ئىپلاسلارنىڭ يېنىغا.

گومىنداڭنىڭ ۋاقتىدا
كەمبەغەللەر ئاھ ئۇرۇپ،
مۇرادىغا يېتەلمەي،
جىق ئۆلەتتى ياش تۇرۇپ.

گومىنداڭنىڭ ۋاقتىدا
كەمبەغەلدە پۇل يوقتى.
بەگ ـ زالىملار ئالدىدا
ئارامخۇدا كۈن يوقتى.

دەريانىڭ سۈيى تاشسا،
توختى ئاتلىقنى تاشلايدۇ.

ھاشارچىلار ئاھ ئۇرۇپ
خۇدايىمغا يىغلايدۇ.

دەريانىڭ سۈيى تاشسا،
چوڭ كۆرەنى سوقماقچى.
ئەقىلسىز، نادان بەگلەر
ئادەم بىلەن توسماقچى.

ئۆستەڭنىڭ تېگى قاتتىق،
چاپسا كەتمەن ئۆتمەيدۇ.
زالىم توڭچىسى بەگلەر
بېشىمىزدىن كەتمەيدۇ.

ئۆستەڭنىڭ تېگى لايدۇر،
دەسسىسە لىغىلدايدۇ.
زالىم بەگلىرى كەلسە
يۈرەكلەر جىغىلدايدۇ.

پۇقرالار كېچە ـ كۈندۈز
بۇ دەرياغا ئىشلەيدۇ.
ئۆيىنى خىيال ئەيلەپ،
زار قاقشايدۇ، يىغلايدۇ.

ئاقئۆستەڭنى چاپسۇن دەپ
جاڭجۇندىن چۇشۈپتۇ خەت.
پەرماننى ئېلىپ چىقتى
زالىم تىلمىچى ئەخمەت.

بىرىپ ئۆستەڭ بېشىغا،
يەردىن چام بۆلۈپ بەردى.
جانلاردىن ئۆتۈپ كەتتى
ئالۋان ـ سەيسىنىڭ دەردى.

ئۆستەڭ چاپمىغان خەقنى
دارلاپ قامچىغا باستى.
چىدىيالماي قامچىغا،
ئۆستەڭ ياقىلاپ قاچتى.

ئۆستەڭنى چېپىۋېتىپ
كەتمەن قايرىلىپ كەتتى.
كەمبەغەل ھاشار بىلەن
ئۆيىدىن ئايرىلىپ كەتتى.

چېپىپ پۈتكەن ئۆستەڭدە
سۇلار ئاقار شارقىراپ.
ئۆستەڭ بويىغا كەلسەك،
بايلار كېلەر ۋارقىراپ.

مىرابلار مىنەر تايغا،
ياقىلار سۇنى بايغا.
كەمبەغەللەر سۇ دېسە،
بېشىنى تىقار لايغا.

دەريا ـ ئۆستەڭ سۇيىگە
مىراب دېگەن باش ئىكەن.

ئادالەتنى بىلمىگەن
باغرى قارا تاش ئىكەن.

قىيان كەلدى شارقىراپ،
كوچىلارنى ياقىلاپ.
جاننى ئالدى بەگ ـ بوجاڭ
«توس سۇنى» دەپ ۋارقىراپ.

ئۆستەڭ چاپماي زالىملار
تولدۇرۇپتۇ سىڭنى.
ئۆستەڭ چىپىپ ئاچ قالدۇق،
بىزگە بەرمەس ئۇننى.

ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرارمەن
ئاھلىرىم تۇتقاي سىنى.
كۆز يېشىم دەريا بولۇپ،
بىلىقلىرىم يۇتقاي سىنى.

ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرارمەن،
ئاھلىرىم ئالەمچە بار.
بىۋاپا زالىم زاماندا
كۆز يېشىم دەرياچە بار.

نەدىكى گەپنى قىلىپ،
ئەندىشىگە قالدى كىشى.
چەككىلى تاماكا يوق،
مۇڭداشقىلى نەدە كىشى.

ئات مىندىم ئېگەر بىلەن،
بېشىدا يۈگەن بىلەن.
دەردىم تولا ئىچىمدە،
مەن مۇنداق يۈرگەن بىلەن.

تاڭ سەھەر بولمىغۇچە
گۈلدە بۇلبۇل سايرىماس.
دەرد ـ ئەلەم چەكمىگۈچە
بەندە خۇدا دەپ يىغلىماس.

سۇلار شارقىراپ ئاقسا،
تۈگمەننىڭ نورى دەيمەن.
بېشىمغا بالا كەلسە،
پەلەكنىڭ شورى دەيمەن.

دەرد كەلدى بۇ باشىمغا،
كىشى كەلمەيدۇ قاشىمغا.
كىشى كەلسىكەن قاشىمغا،
خەت بەرسەم ئاداشىمغا.

قاغىلارىيۇ، قاغىلار،
تام تۆپىسىدە يورغىلار.
بەكمۇ ئەزگەن بىزلەرنى
بەگلەر بىلەن دورغىلار.

ئېتىمنى چاپتۇرۇپ باردىم
دەريا بويىغا ـــ قاشقا.

دەرد ـ ئەلەم كېلىۋەردى
ئېزىلگەن غېرىب باشقا.

بايغا توي بولار كۆزدە
كەمبەغەل خامانىدا.
يۈرەك دەرد بىلەن تولدى
زالىملار زامانىدا.

ئۆتتى بۇ ئۆمۈر شۇنداق
غەم ـ قايغۇ، ئەلەم بىلەن.
يازماي ھېچ ئامال يوقكەن،
دەرد ـ غەمنى قەلەم بىلەن.

ئورما ئورغىلى چىقسام
ئورغاق كەستى قولۇمنى.
سۆزلەپ تۈگىتەلمەيمەن،
بايلار سالغان زۇلۇمنى.

خالاس بولماي ئۆتكەنتى
غەم ـ قايغۇدىن بېشىمىز.
ئېقىپ تۇرغان بۇلاقتەك
توختىمايتتى يېشىمىز.

ئاينىڭ ئايدىڭى كىمگە،
ئاي قاراڭغۇسى بىزگە.
پۇلنىڭ قايغۇسى بايغا،
جاننىڭ قايغۇسى بىزگە.

بىغىمغا كىرىپ باقسام،
شاپتۇل قىقى پۇرايدۇ.
بىز بەگكە نىمە قىلغان،
نىمە بىزنى سولايدۇ؟

بىز چازىغا يەتكەندە
چۆپ قالىدۇق ئوچاققا.
دارىن بىزنى پالىدى،
يۇرت بىلگەندۇر بۇ چاغقا.

ئۆستەڭ بويىدا تاللار،
تال ئىگىلدى، پەس بولدى.
زالىملارنىڭ دەردىدىن
كۆن ئالماقمۇ تەس بولدى.

يازدا بۇلبۇل سايرىدى
كۆك چىمەن باغ ئىچىدە.
ۋاقىتسىز جانلارنى بەردۇق
باياۋان، تاغ ئىچىدە.

يەرنىڭ ئوبدىنى بايدا،
كەمبەغەلگە يەر قايدا؟
باي، غوجام ياتار باغدا،
كەمبەغەل ياتار سايدا.

بەگلەر كەلدى قىشىمغا،
هاشار سالدى بىشىمغا.

بايلار كەلدى قېشىمغا،
ئوغا سالدى ئېشىمغا.

بۇ سايلار ئۆزۈن سايلار،
تاپىنىمغا تاش پاتتى.
شۇنچە ئىشلەپ ھاشارغا،
تۆگىتەلمەي باش قاتتى.

ئورمىنى تولا ئوروپ،
بەللەر مۈكچىيىپ كەتتى.
ئالۋاننى تۆلىيەلمەستىن
جېنىمىز ئېقىپ كەتتى.

ئىشلىدىم مەن، ئىشلىدىم،
باي غوجامغا ئىشلىدىم.
يىللار ئىشلەپ بىكارغا،
كۆيۈك ناننى چىشلىدىم.

پادا بېقىپ جاڭگالدا
ئۇستۇېشىم قالمىدى.
زالىملارنىڭ دەۋرىدە
ئەقلى ـ ھوشۇم قالمىدى.

يامغۇرلار تولا يېغىپ،
ئۆيدىن ئۆتتى تامچىسى.
بىزنى تولا قاقشاتقان
زالىملارنىڭ قامچىسى.

بېشىمدىكى دوپپامنى
كېيگىنىمنى بىلمەيمەن.
زالىملارنىڭ دەۋرىدە
كۈلگىنىمنى بىلمەيمەن.

لەگزە بېشىدا ياتتىم
جازانىخور دەردىدىن.
شاگىيو تولا قوغلايدۇ،
قۇتۇلمىدىم قەرزىدىن.

ياڭ دوتەي دېگەن زالىم،
شاگىيولارنى يۆلەيدۇ.
ئۆزۈن قامچا قولىدا،
گادايلارنى پالايدۇ.

سۆيلەپ كەپتۇ سىلىقنى
شاگىيو بىلەن ياىلار.
قېچىپ كەتتۇق، تۈيمىدى
گۇگتۇ بىلەن دايىلار.

ئالدىدا ئېتىم كەتتى،
قامچام كەينىدىن كەتتى.
ئۆز يۇرتۇم دېگەنىبىلەن،
غېرىبلىق ماگا يەتتى.

راۋابىگنى ئالساگچۇ،
بېرىپ چۆللەردە چالساگچۇ.

سەن مۇساپىر، مەن غېرىب،
مېنى ئارقاڭغا سالساڭچۇ.

ئېتىمنى توقۇپ قويدۇم،
باغلىغىلى تانا يوق.
شەرىڭگە مۇساپىرمەن،
ئاتا بىلەن ئانا يوق.

ئېگىز قارىغاي تاغدا،
سۇلار ئاقىدۇ سايدا.
بىز بۇنچە غېرىب جايدا،
ئاتا ـ ئانىمىز قايدا؟

ئۆيدىن چىقىپ كەزدىم تەنها،
كۆككە بېقىپ قىلدىم نىدا،
بېشىمدا بار دەردۇبالا،
مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن.

قۇللۇق بىلەن ئۆمرۈم ئۆتتى،
مېھنەت بىلەن كۈچۈم كەتتى،
يېشىم قېرىپ، دەرمان كەتتى،
مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن.

كەتتى مېنىڭ ئالا ئېتىم،
كەتسە قايتىپ كەلمەس خېتىم،
يەتتە بالام قالار يېتىم،
مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن.

قامچىسىدىن قانلار تامار،
زالىملاردىن بولدۇم بىزار،
باي دەستىدىن چەكتىم ئازار،
مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن.

بەگ، يۈزبېشى قىلدى خاراب،
يېمىكىم يوق، بولدۇم بىتاب،
يۈرىكىمگە تولدى زەرداب،
مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن.

كۆڭلى سۇنۇق سەدپارىلەر،
قان يىغلىشار بىچارىلەر،
بىر نانغا زار ئاۋارىلەر،
مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن.

يۇرتۇم خاراب، نەزەر سالسام،
ئېلىم خاراب، ھالىن سورىسام،
غېرىبلار كۆپ قايان بارسام،
مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن.

چۇشتى بىسيار سېلىق ھەر چاغ،
ئالۇر قىيناپ ئۇرۇپ ـ تىللاپ،
نىجات يولى بولدى ئۇزاق،
مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن.

ياڭ تۇڭ① خانىنىڭ چىقتى ئېتى،
قانخور زالىم يوق ئۇياتى،
ئەلنى چاپتى شۇم جاللاتى،
مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن.

ياڭ تۇڭ ئۆزى ئۇرۇمچىدە،
بۇيرۇق قىلار تۇن ـ كېچىدە،
پارا ئالار يەڭ ئىچىدە،
مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن.

دوتەي بىلەن تالاي ئامبال
ياڭ تۇڭ خانغا بولۇپ ھامال،
ئەل بەختىگە يەتتى زاۋال،
مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن.

ياڭ تۇڭ خانىنىڭ ئوردىسىدا،
ئوردىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا،
قىزلار ئۇنىڭ پەنجىسىدە،
مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن.

ياڭ تۇڭ خانغا دوتەي يانداش،
دوتەي بىلەن ئامبال سىرداش،
مەنسەپدارلار بايغا قولداش،
مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن.

---

① ياڭ تۇڭ ـــ ئەينى زاماندا شىنجاڭغا باش ئەمەلدار بولغان.

ياڭ تۇڭ خانمۇ زاۋال تاپار،
ئەل قىساسى ئاخىر بوغار،
ئەرك قۇياشى ھالقىپ چىقار،
مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن.

ئۆز شەھرىمدىن چىقىۋىدىم،
تۇتۇلدى تۇمان.
ئاتمۇ ياخشى، يولمۇ ياخشى،
غېرىبلىق يامان.

غېرىبتۇرمەن، غېرىبتۇرمەن،
زار غېرىبتۇرمەن.
غېرىبلىقتا چىدىيالماي،
سارغىيىپتۇرمەن.

سارغايغىنىم، سارغايغىنىم
غېرىبلىقىمدۇر.
بۇ شەھەرلەردە يۈرگەنلىكىم
نادانلىقىمدۇر.

دوتەي بەردى بۆيرۈقنى
بىزنى تاغقا ھەيدەشكە.
تاغ كەستۈرۈش باھانە،
خانىۋەيران ئەيلەشكە.

ئۈرۈپ قوغلىدى زالىم
ئۈچتۇرپاننىڭ تېغىغا.

بايلار قالدى بەزمىدە،
نەغمە ــ ناۋا بېغىدا.

تاغ كېسىمىز كۈندۈز ــ تۈن،
يېمەككە يوق پارچە نان.
بوتۇغلار ئارام بەرمەس،
قامچا ئوينىتار ھەريان.

بىزنى سەرسان ئەيلىگەن،
ئۆزى سەرسان بولغۇسى.
تاغقا ھەيدەپ سۈرگەنلەر
كۆزى گەريان بولغۇسى.

ئەگەر تاغدا ئۆلمىسەك،
بىر كۈن قايتىپ كېلەرمىز.
سۈرگۈن قىلغان غوجامنى
نەق مەيداندا كۆرەرمىز.

ئامبال ئوينايدۇ،
چۆگۈنى قاينايدۇ.
ئالۋان دەردىدە
يۈرگىلى بولمايدۇ.

ئامبال ئوينايدۇ،
چۆگۈنى قاينايدۇ.
قاينىمىغان چاينى
ئىچكىلى بولمايدۇ.

ئامبال ئوينايدۇ،
يايى پايلايدۇ.
يامۇلدىكىلەر
نېمىنى ئويلايدۇ؟

مەن قۇشۇمنى غازغا سالدىم،
كىم سېلىپتۇ قاغىغا.
ئالتە قاغا بىر بولۇپ،
ئالدى قۇشۇمنى ئارىغا.

ئاقسا سۇلار، تامسا سۇلار،
دەريانىڭ بەختى.
قاچان تۇگەر، قاچان كېتەر،
زۇلۇمنىڭ ۋاقتى.

يول ياقىسى ئېگىز ئوردا،
قاراپ ئۆتەلمەيدۇ كىشى.
ئالۋان ـ سېلىق دەستىدىن
ئۆيدە ياتالمايدۇ كىشى.

قارلۇقۇم قارلىق سايان،
سەگۈنچۈكۈم سەرۋەڭ سايان.
زامانىنىڭ دۇشقارىدا
سەن بىر سايان، مەن بىر سايان.

هاشار يولى ئۈچ كۈنلۈك،
بىزگە چۈشكەن مۈشكۈللۈك.

بايلار بولسا بىر كۆڭلۈك،
كەمبەغەلگە ئون كۆڭلۈك.

شا مەخسۇتنىڭ دەۋرىدە،
ئالۋانى ئېغىر بولدى.
كەيجۇلارنى كۆتۈرۈپ،
مۈرىمىز يېغىر بولدى.

ۋاڭ غوجام بېيجىڭگە بارسا،
ئۆيى يوق، نەدە ياتۇر؟
ياغسا يامغۇر، چىقسا بوران،
پۇل بېرىپ دەڭدە ياتۇر.

تولىدىن تولا توشقان،
ساي يەردە تولا توشقان.
ئىچىم دەردكە توشقاندا،
دەردكە پايلىماي قاچقان.

ياز بولسا ئېچىلمامدۇ،
باغقا تېرىلغان گۈللەر.
قاچان ئۈنتۈلۈپ كېتەر،
دەھشەتلىك ئېغىر كۈنلەر.

ئىتلىرىڭ يامان ئىكەن،
زەنجىرىڭگە باغلاپ قوي.
قولۇڭدىن كەلسە، نامەردلەر،
يامۇلۇڭغا سولاپ قوي.

يىللار باقتىم قويۇڭنى،
كۆرۈپ كەلدىم خۇيۇڭنى.
ئۆلتۈرسەڭمۇ باقماسمەن،
بۆرە يېسۇن قويۇڭنى.

بۇ ئالەمنىڭ ئايىمى يوق،
بىر كويچەننىڭ تايىنى يوق.
بىزلەر قالدۇق ئەلەمدە،
كۆرگەن كۈننىڭ تايىنى يوق.

دەردىم بارغۇ دەردىم بار،
باشىمدىكى ساچىمدەك.
دەرد تارتماي ئۆلۈپ كەتسەم،
ھاۋادىكى لاچىندەك.

شاخقا سۈنسام قولۇم يەتمەس،
يارسىز مېنىڭ ئۆمرۈم ئۆتمەس.
ياخشى - يامانىنى پەرق ئەتمەس،
بىر نامەردكە چۈشمەگۈنچە.

ئاشىق بولۇپ كۆيدۈم ساڭا،
رەھمە ئەيلىگىن، باققىن ماڭا.
بولغىن ماڭا سەن باشپاناھ،
زىنداندىن مەن چىقماغۇنچە.

زىندان ئەجرى مەن ھەم سۆيسەم،
زالىم سوقۇر سېنى كۆرسەم،

باش ئەگمەسەن تائەبەدكە،
شېرىن جانىم چىقماغۇنچە.

قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالدىم،
ئۇتۇنچى ئاپىرىپ ساتسۇن.
خېرىدارىم چىقىپ قالسا،
بازار نەرخىدە ساتسۇن.

ئالىمىڭنى كەڭ ياراتتىڭ،
زامانەڭنى تار.
ئىتلىرىڭنى دورغا قىلدىڭ،
مۇشۇكلىرىڭنى كار.
ئىشىكىڭدىن ئالدى چۈجىنى
قانىتى يوق سار.

تۆمۈر قەپەس ئېگىز يەردە،
كىلىتى بەگدە.
ئىچىدىكى چارىسىزنىڭ
گۇناھى نەدە؟!

# شىڭشىڭشا ھەققىدە

شىڭشىڭشا قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ گەنسۇ ئۆلكىسىگە تۇتاشقان يېرىدىكى تاغ جىلغىسى. بۇ قوشاقلار قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇت دەۋرىدە يول ياساش ئۈچۈن ئالۋانغا تۇتۇلغان ئەمگەكچىلەر تەرىپىدىن توقۇلغان ۋە خەلق ئاغزىدا ناخشا بولۇپ ئېيتىلىپ كەلگەن.

شىڭشىڭشاغا ماڭغاندا،
ئەل - يۇرتۇمدىن ئايرىلدىم.
ماڭماي دېسەم قورقىمەن،
خۇدايىمغا يىغلىدىم.

شىڭشىڭشا ئۇزۇن گوبى،
ئىككى تاغنىڭ ئاراسى.
قۇمۇل يولىغا قاراپ،
ئاقتى كۆزنىڭ قاراسى.

قۇمۇل دېگەن شەر ئىكەن،
شىڭشىڭشادىن بېرى ئىكەن.
يايلاقلىرى يىراقتا،
ئاتلار بوغۇز دەر ئىكەن.

شىڭشىڭشانىڭ ئارىلىقى
ئۈچ يۈز ئاتمىشنىڭ يولى.
شىڭشىڭشاغا تولا قاتراپ،
يىرتىلدى پىخەينىڭ سوڭى.

شىڭشىڭشا ئۇزۇن گوبى،
تاغ ئىچىدە يول ئاچقان.
گاڭنىڭ[1] ئالۋان دەستىدىن
ھارۋىنى تاشلاپ قاچقان.

شىڭشىڭشانىڭ ئۆزىدە،
ئىسسىق - ئىسسىق كاڭلاردا،
شاڭيولار ئۆزى يېتىپ،
بىچارىلەر تالادا.

شىڭشىڭشانىڭ يولىدا
گوبى بىلەن تاغلار بار.
بۇ يولدا ئازاب چەكتۇق،
دىلدا ئاچچىق داغلار بار.

شىڭشىڭشاغا ماڭغاندا،
يولدا ئۆلدى ئاتلىرىم.
ئايغىمغا تاش پاتتى،
كۆككە يەتتى ئاھلىرىم.

---

① گاڭ ـــ ۋاڭ.

ئۈچ يىل ھەيدەپ ھارۋىنى
ئىككى قامچا چۇشۇردۇم.
ئەلتۆمۇردە[1] ياتقاندا،
ئاتا - ئانامنى چۇش كۆردۇم.

ئات - ھارۋىلارنى بىز ھەيدەپ
كۇشۇيگە[2] باردۇق، كەچ بولدى.
ئاچچىق سۇنى بىز ئىچىپ،
تالڭ ئاتقۇزماق تەس بولدى.

كۇشۇينىڭ سۇيى ئاچچىق،
مەنزىلى ئاندىن قاتتىق.
گەنچەيلەرنى ھەيدەتكەن
شاڭيو دېگەن مۇناپىق.

شا مەخسۇتنىڭ زۇلمىتى
شىڭشىڭشانى كۆرسەتتى.
ئىككى تال قامچا بېرىپ،
دىڭگىرمانى ھەيدەتتى.

ئېگىز تاغنىڭ باغرىغا
ئاقتى يامغۇر تامچىسى.
ئاتا - ئانىدىن ئايرىغان
زالىم گاڭنىڭ قامچىسى.

---

① ئەلتۆمۇر — جاي (ئۆتەڭ) ئىسمى.
② كۇشۇي — (ئاچچىق سۇ) جاي ئىسمى.

# نوم ھەققىدە قوشاق

نوم دېمەڭلار، نوم دېمەڭلار،
نوم دېگەن زىندان ئىكەن.
يوللىرى قارىغۇ تىكەن،
جوگانلىرى ئالۋاندىكەن.

نوم دېگەن بىر چەت يېزا،
ئەجەب ئىسسىق جاي ئىكەن.
خەلقىنىڭ دەرمانى يوق،
ئەتراپى جاڭگال، ساي ئىكەن.

نوم بىلەن باي بولمىسا،
ئاداق دېگەنلەر نە بولۇر.
ئېرىدىن چانغان جوگان
ئۆزى شەرمەندە بولۇر.

نومغا پالانغان جوگان
تۇل قالۇر، غېرىب قالۇر.
ئۆزى زىنداندا يېتىپ،
بەش بالىسى يېتىم قالۇر.

نوم دېگەن سۇ ئايىغى،
يۇلغۇن، توغراقنىڭ سانى يوق.
هوگىسى ئىسسىق، جارى قاتتىق،
خەلقىنىڭ ئىمكانى يوق.

يولدا يوللار بار ئىكەن،
نوملاردا زىندان بار ئىكەن.
چىقمىغان جاننى كۆرۈڭ،
تاسمىدىن مەھكەم جان ئىكەن.

يەنە نوملار يولىدا
ئىككى مۇجاڭ پەن تارتىدۇ.
شۇغىنىا ئايلا جۇگان
بىزلەر ئۇچۇن دەرد تارتىدۇ.

نومدىن تۆۋەن قارىسام،
ئاداق يولى تۇز كۆرۈنەر.
يېشىل كۆڭلەك ئىچىدە
قېرى خوتۇن قىز كۆرۈنەر.

يەنە نوملار يولىدا
ئۇچۇپ يۇرىدۇ تاسقىرا[1].
شۇغىنىە ئايلا جۇگان،
بارچە خەققە ماسقىرا[2].

---

① تاسقىرا ــ تازقارا (قۇش).
② ماسقىرا ــ مەسخىرە.

نوم بولسىمۇ، باي بولسىمۇ،
پاشانىڭ يۇرتى.
ئۆلتۈرسىمۇ، تىرگۈزسىمۇ،
پۇجۇڭنىڭ كۆڭلى.

نوم يوللىرى تار ئىكەن،
داۋانلىرى قار ئىكەن.
يىگىتلىرى ئۇيقۇدا،
جوگانلىرى خار ئىكەن.

نومنىڭ توغراقلىرى
ياندۇرسىلا چىراغچە يوق.
يار ئۇچۇن يىگەن تاياق
ئاختۇرسىلا تىرناقچە يوق.

هاراق دىگەن ئاچچىق نىمە،
شىڭ ـ شىڭ قاينايدۇ.
چىڭگاڭ غوجام كايىپ قالسا،
نومغا پالايدۇ.

ناماز ۋاقتى بولۇپ قالدى
يەشكىن قولۇمنى.
نامازىمنى ئوقۇۋالاي،
كەسكىن بوينۇمنى.

نوم يوللىرى كۆرۈملۈك،
خەلقلىرى سۆيۈملۈك.

جانلارغا جاپا بولدى
قارا بايتال ئۆلۈملۈك.

بىز نوملارغا ماڭغاندا،
ئاداق سایاق قايرىلدۇق.
قارا بايتال رەھمەتلىكتىن
تولا تەسلىكتە ئايرىلدۇق.

بىز نوملاردىن ماڭغاندا،
سەپلەپ بەردى ئىككى ئات.
خۇدايىم رەھمەت قىلسۇن،
توقسۇن شوجاڭ ئۇلۇغ زات.

ئاداقچىمۇ ئاداقچى،
بېشى قوتۇر ئاداقچى.
ئاداقچىنى قاقشاتقان
بارماق سۇۋۇر قاراقچى.

# بايانداي ئۇرۇشى ھەققىدە

چىڭ سۇلالىسى جۇڭغارلارنى تىنچىتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئىلى رايونىدا جياڭجۇن مەھكىمىسى قۇردى. بىر قىسىم يۇقىرى قاتلام ئەكسىيەتچىلەر يەرلىك فېئوداللار بىلەن بىرلىشىپ، خەلقنى تالان - تاراج قىلدى، باج - سېلىقلار كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ، خەلقنىڭ ئۈستىگە يېغىلىپ چاپلىنىپ تۇردى، ئەمگەكچى خەلق ھالاكەت گىردابىغا كېلىپ قالدى. ئەنە شۇنداق شارائىتتا، 1864 - يىلى ئىلىدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەت ئەمگەكچىلىرى ئۇلارنىڭ زۇلمىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئەكسىيەتچى ئەمەلدارلار ئەسكەرلىرى بىلەن بىللە بايانداي ۋە كۈرە سېپىللىرىغا بېكىنىۋالدى. سادىر پالۋان باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار ئىلىدىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارنىڭ مەمۇرىي ۋە ھەربىي مەركىزى بولغان بايانداي سېپىلىنى ئېلىش ئۈچۈن، سېپىل ئاستىغا لەخمە كولاپ، دورا كۆمۈپ پارتلىتىپ، ئومۇمىي ھۇجۇمغا ئەپلىك يول ئاچتى. ئاندىن قوزغىلاڭچىلار سېپىلغا بېسىپ كىرىپ، ئەمەلدار ۋە ئەسكەرلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. بۇ قوشاق تارىختا بولۇپ ئۆتكەن ئەنە شۇ بايانداي ئۇرۇشى ھەققىدە توقۇلغان.

جاڭجوڭ دېگەن ئىپلاسنىڭ
زۇلۇمىغا چىدىماي.
چىقتى خەلق سېپىلغا،
غەزەپلىنىپ توختىماي.

قورقۇپ جاڭجوڭ ئالۋاستى
كىردى سېپىل ئىچىگە.
مەھكەم ئىكەن سېپىلى،
يەتمىدۇق ھېچ ئېپىگە.

قورشاپ تۇرغان خالايىق
ئۆزگەرتمىدى گېپىنى.
شۇ سېپىلغا كىرىشنىڭ
قىلماق بولدى ئېپىنى.

جاپا چەككەن يارەنلەر
پىدا قىلدى جېنىنى.
دەرۋازىغا ئوت قويسا،
تاقىۋالدى ئىچىنى.

قالدى ھەممە قايغۇرۇپ،
ئويلاپ، چايقاپ بېشىنى.
چىقىپ سادىر پالۋان
قولغا ئالدى تېشىنى.

كولاپ سېپىل تېگىنى،
كۆمدى كۆپلەپ دورىنى.

پىلتا بىلەن ئوت ياقتى،
قىلىپ ئوبدان ئىپىنى.

گومبۇرلىگەن ئون بىلەن،
ۋەيران بولدى سىپىلى.
غىمىنى يەپ جاڭجۇنىنىڭ،
هودۇقۇشتى چېرىكى.

شۇندا خەلق يۇگۇردى،
ئاندا قاتتىق جەڭ بولدى.
تەييار تاپلار ئۆلۈكى
سىپىل بىلەن تەڭ بولدى.

جاڭجۇن باشلىق چوڭلىرى
تۆت ئىشىككە يۇگۇردى.
ئۆزىنى ئۆزى باشلاپ،
ئۆلۈمىگە ئۇلگۇردى.


شۇ كۇنلا خالايىق
دۇشمەنلەرنى چېپىشتى.
غەزەپ بىلەن گىلىغا
نەيزىلەرنى تىقىشتى.

تالقان يىگەن خەلقلەر
نىمەتلەرگە يېتىشتى.
ئازاد بولۇپ زۇلۇمدىن،
مۇڭلىرىنى ئېيتىشتى.

# ئەمگەك قوشاقلىرى



ئەمگەك قوشاقلىرى



# ئورماناخشىسى

ئورمىنى تولا ئورۇپ،
بىلەكىڭ تالدىمۇ، يارىم؟
ئاز كۈن ئويناپ ئايرىلدۇق،
يۈرەكىڭ قاندىمۇ، يارىم؟

ئورما ئورغان ئېتىزلار
مېنىڭ خوپ بەلەن جايىم.
ئورمىدا تەڭ تۇرىدۇ
يۇمىلاق تولۇن ئايىم.

ئايدىڭدا ئورغان ئورما،
ئېتىزلاردا باغ قالدى.
ئاز كۈن ئويناپ ئايرىلدۇق،
يۈرەكلەردە داغ قالدى.

ئورمىنى ئورغان بىلەن،
بار ئىكەن بىلەك تالماق.
ئەجەبمۇ يامان ئىكەن
سۆيگەن ياردىن ئايرىلماق.

ئورمىنى تولا ئوروْپ
قولۇم بولدى سەينوگە.
بىر بەلگە قىلىپ قويۇڭ
ئۆيىڭىزنىڭ كەينىگە.

ئورما بولدى، ئورغاق سال،
چاچلىرىڭغا تارغاق سال.
يارنىڭ ماڭسا سەپەرگە،
ئويناپ ـ كۈلۈپ يولغا سال.

ئورمىڭىزنى بىز ئوردۇق،
ئونچىڭىزنى سايلىماي.
يېنىڭىزدا يار تۇتتۇق،
ئوتىڭىزغا پايلىماي.

ئورماڭنى ئوروْپ قويدۇم،
ئونچەڭنى ئۆزۈڭ باغلا.
مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم،
چاغلاشنى ئۆزۈڭ چاغلا.

ئورما ئورۇسەن كۈندە،
تالمامدۇ بىلەكلىرىڭ؟
مەن يادىڭغا يەتكەندە
كۆيمەمدۇ يۈرەكلىرىڭ؟

بۇ چاغلار ئەجەب چاغلار،
يارىم، بەلنى چىڭ باغلا.

مەن ئورۇپ سالاي ئۈنچە،
سەن كەينىمدە باغ باغلا.

بۇغداي باغلىغان باغلىق،
يۈرەكنى داغلىغان ياغلىق.
كۆلۈپ قويغىنىڭ بىلەن،
سىنىڭ كۆيگىنىڭ چاغلىق.

ئورمىڭىزنى مەن ئوردۇم،
ھەر تەرەپكە سول تارتىپ.
ئاخشىمى ياتالمايمەن،
دەردىڭىزدە ئۆھ تارتىپ.

ئورمىڭىزنى بىز ئوردۇق،
سادىر سوققان ئورغاقتا.
چاڭقىغاندا سۇ ئىچتىم،
يارىم بىلەن بۇلاقتا.

ئورما ئوردۇق ئورغاقلاردا،
سۇ ئىچىپ بۇلاقلاردا.
خۇشال ئۆتىدۇ كۈنلەر
ئەجەب ئىللىق پۇراقلاردا.

ئورما ئوردۇق ئايدىڭدا،
چاڭ كەلتۇرۇپ ناخشىنى.
دائىم ئايدىڭ بولسىكەن،
كۆزنىڭ ھەممە ئاخشىمى.

مەن بۇگۈن نېمە بولدۇم،
خىيال سۇرۇپ ئاخشامغا.
باغ باغلىغان چوكانلار
زوق ئەيلىسۇن ناخشامغا.

بۇغداي باغلىغان باغلىق،
يۇرەكنى داغلىغان ياغلىق.
قىلىقىڭنى دېمىسەم،
چىرايلىقلىقىڭ چاغلىق.

ئورما ئوردۇق باللار،
باغلىق ئېشىدۇ چاللار.
دەردىڭىزنى كۆپ تارتىپ،
كۆيۈپ كەتتى بۇ جانلار.

ئورما ئورۇمەن كۈندە،
سول قولۇمدا تۆت ئويماق.
ئەلنىڭ سۆيگىنى باشقا،
مېنىڭ يارىم ئەجەب ئوماق.

ئورمىنى ئورغان بىلەن،
ئۇسسىغاندا بۇلاق يوق.
يار بىلەن كېتەي دېسەم،
سېمىزگىنە ئۇلاغ يوق.

ئورمىنى تولا ئورۇپ،
قولۇم تېشىلىپ ئاققان.

ئاتامدىن كىچىك قېلىپ،
بىچارە ئانام باققان.

بوغداينى ئورۇپ قويۇپ
ئاپارغىلى خامان يوق.
يارلارنى تۇتۇپ قويدۇق،
ئوينىغىلى زامان يوق.



# خامان قوشىقى

دەسسەڭلار، يانجىڭلار، جانىۋارلىرىم،
پايخان بولسۇن.
داننى ئايرىپ چەشلەڭلار، جانىۋارلىرىم،
خامان تولسۇن.
لاي ـ لاي، لاي ـ لاي...

كالايلاڭەي ـ كالايلاڭ،
قۇلاقلىرىڭ گۆرجەك بولسۇن.
مۈڭگۈزلىرىڭ ئارا بولسۇن،
تۇياقلىرىڭ پايخان بولسۇن،
قۇيرۇقلىرىڭ سۈپۈرگە بولسۇن،
قورساقلىرىڭ تاغار بولسۇن،
دەسسەڭلار، يانجىڭلار، ئەي جانىۋارلىرىم،
خامان بولسۇن.
لاي ـ لاي، لاي ـ لاي...

باسسام ـ باسسام بېسىلماس،
ئۈنچىدىن دان ئايرىلماس.

دەسسەڭلار، يانجىڭلار، جانىۋارلىرىم،
پايخان بولسۇن.
داننى ئايرىپ چەشلەڭلار، جانىۋارلىرىم،
خامان تولسۇن.

كالايلاڭەي ـ كالايلاڭ،
مۈڭگۈزلىرىڭ ئارا بولسۇن،
قۇلاقلىرىڭ گۈرجەك بولسۇن،
تۇياقلىرىڭ پايخان بولسۇن،
قۇيرۇقلىرىڭ موما بولسۇن،
قورساقلىرىڭ تاغار بولسۇن،
دەسسەڭلار، يانجىڭلار، جانىۋارلىرىم،
خامان تولسۇن.
غېرىب ـ مىسكىن بىچارىلەر
ئاشقا تويسۇن.
كالايلاڭەي ـ كالايلاڭ...

مال ئورۇق، ئادەم ئورۇق،
نانمۇ يوق، ساندۇق قۇرۇق.
دەسسەڭلار، يانجىڭلار، جانىۋارلار،
لاي ـ لاي ـ لاي.

سەنمۇ غېرىب، مەنمۇ غېرىب،
چۆلگە بۇغداينى تېرىپ،
خامانغا ئۆكۈزنى قېتىپ،
لاي ـ لاي ئېيتقان شاھ غېرىب.
لاي ـ لاي ـ لاي...

بىر باش بۇغداي بىر قوشۇق ئاش،
تېرىپ ئېلىڭلار.
خامان تەييار، باغنى يىغىپ
ئاياغ سېلىڭلار.
لاي ـ لاي ـ لاي.

نىيەت قىلىپ ئاياغ سالدۇق،
خۇدا قوللىسۇن.
بەخت ـ ئامەت ئاتا قىلىپ
خىزىر دارىسۇن.
لاي، لاي، لاي.

ئۇششاق ـ ئۇششاق توغراقلارنى
ماڭدار[1] بېسىپتۇ. (هالايلار)
ئەملىك ـ ئەملىك[2] ئاتلارنى
تېپىن قوشۇپتۇ. (هالايلار)
تىر... چاھ ... ھاي ـ ھاي بەگلەر.

شا غېرىب، شا غېرىب،
چۆللەردە بۇغداينى تېرىپ.
ئالته چاشقاننى قوشۇپ،
هالايلارنى ئېيتتى شا غېرىب.
تىر... چاھ... ھا ـ ھاي بەگلەر.

---

① ماڭدار ـــ يەر بېغىرلاپ ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك.
② ئەملىك ـــ كۆندۈرۈلگەن ئات.

بۇغدايلارنى يانچىشقا
ئاتلارنى قوشۇپ قويدۇق.
ھالايلارنى ئېيتىپ بىز،
تېپىننى ھايداپ قويدۇق.
تىر... چاھ... ھاي ـ ھاي بەگلەر.

تېپىنگە ئاتلار قېتىلدى،
ئۈنچىلەرمۇ سېلىندى.
توغلار باستى بەدەننى،
ئۈنچە ـ مارجان يانچىلدى.
تىر... چاھ... ھاي ـ ھاي بەگلەر.

تېپىنلەرنى ھەيدىسەك،
ئاتلار ئەجەب ماڭمايدۇ.
ئاتلارنى ئۇرۇپ ـ ساۋاپ
قامچىلىرىمىز تىنمايدۇ.
تىر... چاھ... ھاي ـ ھاي بەگلەر.

خامانلارنى يانچىغاندا،
چىقىدۇ بۇغداي سامىنى.
كۆن كەچكىچە ئىشلىسەكمۇ،
تۈگىمەيدۇ غوجامنىڭ ئالۋىنى.
تىر... چاھ... ھاي ـ ھاي بەگلەر.

ئۆينىڭ ئارقىسى خامان،
پۇر ـ پۇر ئۇچىدۇ سامان.

يېڭى يارنىڭ ئوتلارى
دوزاخ ئوتىدىن يامان.
تىر... چاھ... ھاي ـ ھاي بەگلەر.

سۇنى سالدۇق خامانغا،
ئوتنى ياقتۇق سامانغا.
سامان كۆيۈپ كۇل بولدى،
ھالىم ساڭا سۇ بولدى.
تىر... چاھ... ھاي ـ ھاي بەگلەر.



# ئۆستەڭ ناخشىسى

ئۆستەڭ بويىدا تاللار،
تاللار تۈۋىدە باللار.
ھاشارغا تولا ئىشلەپ
ئېقىپ كەتتى بۇ جانلار.

ئادەمنىڭ قېنى دەيدۇ،
دەريا بولۇپ ئاقمايدۇ.
رەھىمسىز زالىم بەگلەر
ھالىمىزغا باقمايدۇ.

ئۆستەڭنى چېپىۋېتىپ،
كەتمەن قايرىلىپ كەتتى.
مەنمەن دېگەن يىگىتلەر
يۈرتتىن ئايرىلىپ كەتتى.

ئۆستەڭ بويىدا دامبا،
دامبا يېنىدا تام بار.
ئۆيدە ياتىدۇ بەگلەر،
بىزگە چاپقىلى چام بار.

ھاشارغا تۇتۇۋېلىپ،
يار ئاغزىنى ئەت، دەيدۇ.
قامچا تۇتقان زالىملار
بېشىمىزدىن كەتمەيدۇ.

ئۆستەڭنى ئەجەب چاپتۇق،
جاپانى تولا تارتتۇق.
ئالغان ھوسۇلىمىز يەتمەي،
ساماندەك سارغىيىپ كەتتۇق.

ئۆستەڭنىڭ سۇيى تاشسا،
توختى ئاتلىقنى تاشلايدۇ.
بۇ ھالنى كۆرۈپ ھاشار،
خۇدايىمغا يىغلايدۇ.

ئۆستەڭ بويى سۇزۇك تاش،
ماڭغانلارنىڭ كۆزى ياش.
بۇ پەرماننى چىقارغان
جاڭجۇن لويىسى قاقۋاش.

ئۆستەڭ چاپقان شۇ ئەلنى
دارىن قامچىغا باستى.
چىدالماي خەلق زارلاپ،
ئۆستەڭ ياقىلاپ قاچتى.

# كارىزچىلار قوشىقى

كارىز يولى يۇلغۇنلۇق،
ئوتتۇرىسىدا قوغۇنلۇق.
قوغۇنلۇقتا يارىم بار،
قەلەم قاشلىق، تال بويلۇق.

قەلەم قاشلىق يارىمنىڭ
خۇمار كۆزى قوش بۇلاق.
بويى زىلۋا، قولى گۈل،
ئوينىغۇچتەك يۇملاق.

كارىز سۈيى ئۇلۇغلايدۇ،
قىرىمنى چاپقانسېرى.
كۆڭۈل تاغدەك ئۆسمەمدۇ،
يارىنى تاپقانسېرى.

كارىز بېشى قۇدۇقتا
كەپتەر بالىسى.
كارىزدىكى شۇ يارىم
كۆزۈم قارىسى.

كارىزدىكى بۇلاقلاردەك
يارىمنىڭ كۆزى.
ناۋات قوشۇپ يۇغارغاندەك
يارىمنىڭ سۆزى.

بويى زىلۋا، ھۆسنى ئاي،
لەۋلىرى غۇنچە.
مەڭزى ئانار، چېچى سۇمبۇل،
چىشلىرى ئۈنچە.

قاشلىرىدۇ قىياقتەك،
قاپاقلىرى قات.
قاپىقىنىڭ قات - قېتىغا
سۆيەرمەن پات - پات.

تۆت كارىزنىڭ بېشىدا،
شاڭبۇلۇدا لاي تارتتۇق.
ئۆزىمىز كىچىك تۇرۇپ،
يار دەردىنى كۆپ تارتتۇق.

قاتار - قاتار كۆرۈنگەنلەر
كارىز دەرىخى.
سەن يارىمنى كۆرسەتمىگەن
يولنىڭ يىراقى.

ئاتام سورىسا، ئانام سورىسا،
كارىزدا دەڭلار.

قولى ئىشتا، كۆزى ياشتا،
يۇرىدۇ دەڭلار.

ئىشلىدۇق كارىزلاردا،
سىۋەتلەردە لاي تارتتۇق.
تىنىم تاپماي ئىشلەپمۇ،
يوقسۇللۇقنى بەك تارتتۇق.



# كېۋەز چاغلاش قوشقى

كېۋەز چاغلاپ پۇل تاپىمىز،
تەڭگىسى بىلەن.
ئاخشاملىقفا قىز ئالىمىز،
يەڭگىسى بىلەن.

كېۋەز ئۈزدۈم، كېۋەز ئۈزدۈم،
ياخشىلاپ ئۈزدۈم.
ياخشى يارلار يامانلامدۇ
بىر ئېغىز سۆزدىن.

كېۋەز تېرىدىم تۈزدە،
ئۈنمەي تۇرۇپ سۇ دەيدۇ.
ئارانلاردىن يار تۇتسام،
سۆيمەي تۇرۇپ پۇل دەيدۇ.

ئاللا يارىم، كېۋەز چاغلاپ
بېلىڭ تالدىمۇ؟
كۆرسەتمىدىڭ قاراڭنى ھېچ،
كۆڭلۈڭ قالدىمۇ؟

ئاللا يارىم، كېۋەزلىككە
غىزا ئېپ كەلدىم.
ئايدەك يۈزۈڭ، چولپان كۆزۈڭ
سېغىنىپ كەلدىم.

ئاللا يارىم، چوغ ئىسسىقتا
كېۋەز چاغلاپسەن.
ئالدىراشمۇ ئىشلىرىڭ،
ماڭا باقمايسەن؟!

ئاللا يارىم، كېۋەز چاغلاپ
تەرلەپ قالدىڭمۇ؟
ئۇچراشمىدۇق خالىيدا،
ئىشلەپ ھاردىڭمۇ؟

ئاللا يارىم، سەن چاغلىغان
كېۋەز ئوخشىدى.
قېرىشقاندەك تەقدىر مېنى
ساڭا قوشمىدى.

ئاللا يارىم، كېۋەزلىككە
سېنى دەپ كەلدىم.
كۆيۈك ئوتۇڭ بېسىلسۇن دەپ،
ئۇسسۇلۇق ئېپ كەلدىم.

كېۋەزلىكتە قىر ئارىلاپ،
مارجىنىم قاپتۇ.
ئارمىنىم يوق، سورىماڭلار
سۆيگىنىم ئاپتۇ.

# قوغۇن ھەققىدە

قوغۇن تېرىدىم خىللاپ،
قىرنىڭ تۈۋىدە يىغلاپ.
قىزنى ئالىمىز خىللاپ،
جوگان قالىدۇ يىغلاپ.

قوغۇن تېرىدىم قەندەك،
خەقمۇ تېرىسۇن مەندەك.
خەق سۆيگەننى سۆيمەيمەن،
ئۆزۈمنىڭ سۆيگىنى قەندەك.

قوغۇن تېرىدىم دۆڭدە،
سويما سالىدۇ ھوڭدا.
خېنىملارغا پۇل خەجلەپ،
ئىشتان قالمىدى قوڭدا.

قوغۇن پەلىزى ئىزدەپ،
تاۋۇز تاپىمەن، يارىم.
سۆيگەن ياردىن ئايرىلىپ،
يالغۇز ياتىمەن، يارىم.

ئەجەب ئوخشاپتۇ بۇ قوغۇن،
چوڭ يولغا پىلەك تاشلاپ.
سەن ئالامسەن بۇ جاننى
ئوڭ ـ سولۇڭغا كۆز تاشلاپ.

ئاق قوغۇنمۇ تورلاشتى،
كۆك قوغۇنمۇ تورلاشتى.
قوغۇن پىشقان كۈنلەردە
دوست ـ يارەنلەر ئولاشتى.

قوغۇنلۇققا قارىسام،
تولا ئىكەن خەمىكى.
يارىم باردۇر يىراقتا،
خېلى باردۇر كەلمىكى.

قوغۇننى تىلىپ قويۇپ،
ماڭا قاراپ تۇرامدۇ؟
مۇڭداشقىلى مەن كەلدىم،
ئىغىز ئاچماي تۇرامدۇ؟

باغدا بۇلبۇل سايرايدۇ،
مىژگەن قوغۇن پۇرايدۇ.
غېرىبلىقتا تۇتقان يار،
ئىپار ـ زەپەر پۇرايدۇ.

قوغۇن ـ تاۋۇز تېرىدىم،
قاتار ـ قاتار چۈنىكى.
ئەجەبمۇ يامان ئىكەن،
قارا كۆزنىڭ كۆيىكى.

# پادىچى قوشاقلىرى

بۇ يىل زامان بۇزۇلۇپ،
يېڭىدىن بىر سۆز چىقتى.
ئىككى يىلنىڭ مابەينى
پاشىشالىققا① قوي چىقتى.

يازنىڭ كۈنى كۈن پاتسا،
تۇماندىن بۇلۇت چىقتى.
ئادەم بىنا بولغاندىن
بىز كۆرمىگەن كۈن چىقتى.

ئىچىمدىكى قوي دەردى
نەگە بارسام سورىلار.
پاشىشالارغا چېقىلماي،
جىم ياتسامىمغۇ بولار.

ئىچىمدىكى بۇ دەردىم
بارچە ئەلگە يېيىلدى.

---

① پاشىشالىق ــ يۇرت بېشى دېگەن مەنىدە.

قويچى دېگەن بىچارە
يالغۇزلۇقتا يىغلىدى.

غورۇنى تولا ئارىلاپ،
قويچى بېشى ئايلاندى.
قول بارمىغان قويلىرى
پاشالىقتا باغلاندى.

پاشالىقتا باغلانما،
ئۇن چىقارماي بەردىڭ قوي.
سويۇپ يېمەي بىر قوينى،
باقىنىڭغا ئەمدى توي.

ئىلاجىمىز بولمىسا،
ئاخىر زامان چۈرگىلەر.
بىزنى يېگەن پاشالار
ئاخىرەتتە نېمە دەر؟

ياخشى ئاتنىڭ يېگىنى
ئارپا، بۇغداي سامانى.
ئۆتۈۋاتقان بۇ كۈنلەر
بولاڭچىنىڭ زامانى.

ماڭا كەلگەن بۇ ئىشلار
باشقىلارغا كەلمىسۇن.
زەرداب تولدى يۈرەككە،
خۇدا ئۆزى ئوڭلىسۇن.

بۇ زامانمۇ ئۆڭلىنار،
قوي يېگەننىڭ كۆڭلى توق.
قوزىلىرىم مەرىسە،
تاڭ ئاتقۇچە ئۇيقۇ يوق.

پادىچىنىڭ ئوغلىغا،
شىرە[1] چورۇق يارىشار.
چورۇق كىيگەن يىگىتكە،
قىز - جۇۋانلار قارىشار.

قاغا قوندى خادىغا،
قوينى ھەيدەڭ پادىغا.
ئوچاق بېشىدا كۆمەچ بار،
تۇگۇۋېلىڭ پوتىغا.

ئاق چىقىلدا مال بېقىپ،
كۆك چىقىلغا يۆلەيمىز.
بوشراق ئويناڭ، دۇشمەن گۇي،
كالتەك سۇنسا تۆلەيمىز.

ئوتلاپتۇيا ئوتلاپتۇ،
سىنىڭ، مىنىڭ قويىمىز.
بىللە ماڭساق يوللاردا،
تەڭلىشەمدۇ بويىمىز؟

① شىرە ــ كالا، ئات قاتارلىق چوڭ مالنىڭ خام تېرىسى.

كۆك چىقىلدا قوي باقسام،
قويچىلار كاۋاپ دەيدۇ.
كەنت ئاتلاپ يار تۇتسام،
سۆيۈپ قوي، ساۋاب دەيدۇ.

ئايدىڭ بولدى كۈندۈزدەك،
قويلار ياتۇر يۇلتۇزدەك.
يارىم قېشىغا بارسام،
ياتىدۇ قىزىلگۈلدەك.

كەڭ ئېرىقنىڭ ئىچىدە،
بوز قوينى بېسىپ يەرمەن.
قوينىڭ ئىگىسى كەلسە،
خاننىڭ يارلىقى دەرمەن.

ئوي ئويلايمەن، تاغ بويلايمەن،
قويلارنى ئويلايمەن.
مەن قويلارنى بېقىۋېتىپ،
يارنى ئويلايمەن.

قويىڭىز بارمۇ، خېنىم،
قويغا قوشۇپ ئالغىلى.
مەيلىڭىز بارمۇ، خېنىم،
غېرىب كۆڭۈلنى ئالغىلى.

ئالتە ئاي باقسام قويۇڭنى،
بەرگىنىڭ مۇشتۇمچە تاي.

بەرسەڭ بەرگىن چوڭىنى،
دۈشمەن كۆزىدە ئوينىتاي.

قارا قوينى بوغۇزلىدىم،
قېنىنى چىقارماي.
يەنە باق دەپ قىستىما،
جېنىمنى چىقارماي.

ئالتە ئاي باقتىم قويۇڭنى،
كۆرەلمىدىم بويۇڭنى.
كۆرسەتمىسەڭ كۆرسەتمە،
بۆرە يېسۇن قويۇڭنى.

مەن قويۇمنى ياندۇردۇم
يىلانبۇلاق تۈزگە.
خۇدا بۇيرۇسا يانۇرمەن
توققۇزىنچى ئاي كۈزدە.

قالدى يۇرتتا تەلمۈرۈپ
ئاتا ـ ئانا، بالىمىز.
يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىدە
تاغدا پادا باقىمىز.

بىزنىڭ ئىش ـ ماكانىمىز
ئېگىز داۋان، تىك چوققا.
كىيىم يېلىڭ، قورساق ئاچ،
جان قىينىلار جۇت ـ سوغدا.

تاغ دېگەننىڭ نۇرى يوق،
قويچىنىڭ كۆڭلى سۇنۇق.
يېتىشمىز غىلتاڭ تاش،
جاندىن ئۆتىدۇ سوغۇق.

ئوت بولمىغاچ يايلاقتا
قويلار قېچىپ تۇرمايدۇ.
دەھشەت سوغۇق، توك قىشتا
كۆز يېشىمىز قۇرمايدۇ.

ئۇچىنچى ئايدا قىرقىيمىز
چوڭ قويلارنى دالىدا.
ئۆمۈر ئۆتتى يوقسۇزلۇق،
دەرد ـ ئەلەملەر داغىدا.

ئاتا ـ ئانىنى كۆرۈشكە،
قويچى باللار ئارماندا.
زارىقىپ، ئىنتىل بولۇپ،
ئۆتەرمىزمۇ جاھاندا؟ !

كەلگەن چاغدا ئالتىنچى ئاي،
قوي يۆتكىدۇق يايلاققا.
ئاتا ـ ئانىنى كۆرمىدۇق
ئون يىل يۈرۈپ بۇ چاغقا.

تاشلىق جىرا، تاشلىق غول ماكانىمىزدۇر،
هۆلچىلىككە چاكاندىلار چاپانىمىزدۇر.

ئۆچكە گۆشى يەل ئىكەن قېرىغانسېرى،
ئۆچەيلىرى يىپ بولار سىيرىغانسېرى.

تاغ باغرىدا قوي باقتىم، قورۇسى يەتتە،
بەگ بالىلىرى گۆش يېسە، تۇرىمىز چەتتە.

يايلىقىمىز بىپايان تاغنىڭ باغرىدا،
قورسىقىمىز تويمايدۇ بەرگەن زاغرىدا.

ئۆچكە باقماق ئەجەب قىيىن، قېچىشى چوققا،
بالا ـ قازا يېپىشاركەن پۇل ـ مېلى يوققا.

قىشلاقلاردا قوي باقتۇق، ئۇسسۇلۇقىمىز قار،
بەگ ـ غوجىلار ئەتىۋار، بىز نېمىشقا خار؟!

ئوي ئويلايسەن، ئوي ئويلايسەن،
ئويچىمىدىڭ سەن؟
تاغ باغرىدا ئۇخلاپ قاپسەن،
قويچىمىدىڭ سەن؟

قويچى بولساڭ قويلىرىڭنى
بىللە باقايلى.
كونا يارنىڭ يۈرەكىگە
ئوتلار ياقايلى.

# دووشاڭ قوشاقلرى

گاڭگوٴلدىن[1] قيچىپ بيرىپ،
پىلىچىدىن قوغلاندوٴق.
چاڭسا ئيلىپ خاڭجادىن،
دودىشاڭغا پالاندوٴق.

سيىق سوٴدا ئىشلەيمىز،
قولىمىزدا چەنچەيزە.
پاتقاقتىن چىقاي ديسەڭ،
قورساققا تىقار نەيزە.

دودىشاڭ ديگەن كەيزە،
ئوتايمىز قوموٴش بەيزە.
زەپىرەڭمىكىن دەيسەن
رەڭگىمىزنى كۆرگەندە.

---

① گاڭگوٴل — ئىلىدىكى بىر خاڭنىڭ نامى.

بەزگەك بولۇپ يېتىپ قالسا،
مۇساپىرغا نان نەدە.
ئۆلۈكى قالار ئىكەن
جاندىن ئايرىلغان يەردە.

دودىشاڭدا ئىشلەيمىز،
قان شورايدۇ پاشىلار.
بىز ئۆلسەك مۇشۇ يەردە،
قانداق قىلار بالىلار.

ئاتام بارمۇ بۇ شەلەردە،
ئانام بارمۇ بۇ شەلەردە.
غېرىبلىق ئەسىر قىلدى
دودىشاڭ كۆرەلەردە.

ياخشى ئاتلىرىم بولسا،
يۈرمەسمەن بۇ يەرلەردە.
غېرىبلىق ئەسىر قىلدى
دودىشاڭ كۆرەلەردە.

قامچام سېپى ئىرغايدۇر،
تىكلەپ قويسام تۇرمايدۇ.
دودىشاڭدىن قىز ئالسام،
قېچىپ كېتىپ تۇرمايدۇ.

# كانچىلار قوشىقى

بىرىپ يارىمغا ئىيتىڭلار،
كىشىلەر چىقمىسۇن كانغا.
كىشىلەر چىقسا گەركانغا،
يۈرەك ـ باغرى تولار قانغا.

ئارپىبەديان ئىچمىگەنلەر
ئەمدى ئىچتى قارا چاي.
چىقىل ئارقىسى سوغۇقكەن،
زەيلىكتىن كانلار ئاچاي.

چىقىل ئارقىسىغا ماڭغاندا،
ئاتا بىلەن ئانا يوقكەن.
بۇغداي، قوناق بەش تەڭگە،
كەتمەندە ھۈنەر يوقكەن.

ئىشلىدۇقا ئىشلىدۇق،
تاغ ئارقىسىدا ئىشلىدۇق.
ئەتىدىن ئاخشامغىچە
بىر چىشلەم نان چىشلىدۇق.

ئالتۇن تاپماق جان بىلەن،
رەندە سالماق نان بىلەن.
سەھەر چاغدا خوشلاشتۇق،
مېھرىبان ئانام بىلەن.

چېقىل ئارقىسىغا كىرگەندە،
يولنى ئارقىغا تاشلىدۇق.
ئاتا ـ ئانا قېرىنداشنى
بىز خۇداغا تاپشۇردۇق.

ئارقا تاغ كانغا بېرىپ،
ئالتۇن تاپالمايدۇ كىشى.
بەگ زالىملار دەستىدىن
ئۆيدە ياتالمايدۇ كىشى.

سوغراق[1] كانغا كىرگەندە،
يۆلەندىم ئېگىز تاغقا.
ئالتۇن تاپسام بىر مىسقال،
كەتتى نان پۇلى چايغا.

سوغراق كانلار ئالتۇن كان،
جىنزغان[2] كانلار كۈمۈش كان.
بەگ ـ بوجاڭلار ئالدىدا
كەمبەغەللەر جىنىس نان.

---

① سوغراق ــ جاي ئىسمى.
② جىنزغان ــ جاي ئىسمى.

مىس كانغا[1] ئادەم ھەيدەيدۇ
يۇرتقا چۈشتى ئالۋان، دەپ.
كەمبەغەلنى ھەيدەيدۇ
ئۆزى بويتاق، گالۋاڭ، دەپ.

ئاتقا مىنىپ ھەيدەيدۇ،
بىز ماڭىمىز پىيادە.
قورساق ئېچىپ ھارغاندا،
بىر ئېغىز گەپ زىيادە.

يوسۇل[2] بەگلەر ھەيدەيدۇ
ۋاڭ غوجامنىڭ ئىشى، دەپ.
يولدا خەقلەر سورايدۇ،
«بۇ نېمە بولغان كىشى؟» دەپ.

تۇڭگان ئاخۇن قىچقىرىدۇ،
ئاخۇن، ئىشىڭ پىشتى، دەپ.
ئەيسا بوشقى[3] ئۇنىمايدۇ
باياڭغۇدا ئىشتى، دەپ.

تاڭ سەھەردە ماڭىمىز
جىن قۇرغۇر مىسقا.
ئاخشىمى ياتالمايمىز
چىدىيالماي ئىسسىققا.

---

① مىس كان — چىڭ خاندانلىقى مالىيە ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن مىس پۇل چىقار- ماقچى بولۇپ، 1671 ـ يىلى مىس كانلارنى ئېچىپ، مىس ئېرىتىش ئىشىنى يولغا قويغان. مىس كانلىرىدا ئەمگەكچى خەلقنى مەجبۇرىي ئىشلەتكەن.

② يوسۇل — ئەمەل، مەنسەپ.

③ ئەيسا بوشقى — شۇ چاغدىكى توقسۇن ئەمەلدارلىرىنىڭ بىرى.

ئاخشىمى قايتمىز ئىشتىن
قوتۇر ئىتتەك قاتراپ.
كېچىسى ئۇخلىيالمايمىز
قىرچىن ئوتى چاچراپ.

ئەيسا بوشقى جەز قىلىپ
تاپقان پۇلنى ئۇتىدۇ.
قېچىپ كەتسەڭ يۇرتلارغا،
قوغلاپ كېلىپ تۇتىدۇ.

يەر ئىگىسى غوجام باي
گۇرۇچ بىلەن مانتا يەر.
پېقىر پۇقرا گادايىنى
بۇرگە بىلەن چۇسا يەر.

ئەتىيازدا يېۋىدۇق
بېدە بىلەن سۇزىنى.
يېگەن تاماق ئارتىلدى،
قەرزنى قانداق ئۈزىلى؟

مىس كېنى دېگەن يەردە
كۈندە ئۈچ تام سوقىمىز.
قېچىپ كېتەيلى دېسەك،
زالىملاردىن قورقىمىز.

ئاخشىمى ياتار بولساق
سالغىلى كىگىز قېنى؟
بۇ جانغا جاپا بولدى،
زالىملارنىڭ مىس كېنى !

# ھارۋىكەش قوشاقلىرى

ئىلىغا خەۋەر كەپتۇ
سوۋىستورگ ماڭسۇن، دەپ.
قورغاستىكى كىرسىنىنى
ئۈرۈمچىگە تارتسۇن، دەپ.

سوۋىستورگ بېرىپتۇ
ھارۋىكەشكە يۈز ئۆتۈك.
غەمدە قالغان بېشىمنى
ئوڭلىغان نىزام گۆدەك.

تۇرپانيۈزلۈك زاھىركام
يۈز ھارۋىغا باش ئىكەن.
راسخوتلىرى زىيادە،
باسقان يۈكى ئاش ئىكەن.

زاھىركامنى باش قىپتۇ
ئىلىدىكى كارۋانغا.
بىز ئىلىدىن كەتكۈچە،
ئېيتىپ قويماڭ شەرۋانغا.

شەرۋاننىڭ خۇيى يامان،
بىلسە يولدىن قويىدۇ.
ھارۋىكەش بولغان كىشى
شەمۇ شەدە يۇرىدۇ.

بۈگۈن كۈنگە چارشەنبە،
ئات ـ ھارۋاڭنى قوش ئەمدى.
ئۇرۇمچىگە يول ئالدۇق،
ئەل ـ ئاغىنە، خوش ئەمدى.

ئۇرۇمچىنى كۆرمەككە
ھارۋا ئالدۇق بەس ـ بەستە.
ئاتنى قوشۇپ يول ئالدۇق،
كۈن چىقماي سەھەرلىكتە.

ئۇرۇمچىگە ماڭغاندا،
يار ئىشىكىدە قالغان.
قاچان كېلىسەن يار، دەپ،
بوينۇمغا گىرە سالغان.

ئاتنى ئالدۇق قالماقتىن
تۇياق كۆرۈپ، چىش كۆرۈپ.
بىز ئىلىغا كېلەرمىز،
كەتمەڭ، يارىم، يۈز ئۆرۈپ.

ھارۋامغا بىسىپ قويدۇم
ئالتە پۇتلۇق تاغارنى.

ئۈرۈمچىگە ماڭاردا
تاۋاپ قىلدۇق مازارنى.

بىز غۇلجىدىن چىققاندا
سىم يول ياقىلاپ ماڭدۇق.
يۈكلەرنى بېسىپ قويۇپ،
بەش باغ بېدىنى تاڭدۇق.

ئىلىدىن چىقىپ بېرىپ،
چەيلەكزىدە قايرىلدۇق.
قارچىغىدەك يار قالدى،
يوقسۇزلۇقتا ئايرىلدۇق.

بىز ئىلىدىن چىققاندا،
كارۋان بېگىم باش بولدى.
چەيلەكزىدىن ئۆتكەندە،
يۈرەكلىرى تاش بولدى.

ئىلى يولى چەيلەكزە،
داخىيەنزى - يودەنزە.
ئۈرۈمچىگە يول ئاچقان
سەندەك، مەندەك خوخەنزە.

چەيلەكزەيۇ چەيلەكزە،
چەيلەكزىدە يودەنزە.
چەيلەكزىلىك خۇيزۇلار
بىزنى دەيدۇ: خوخەنزە.

ئۆتەڭ ئۆتمىز ئاتلاپ،
بەلگە پوتنى باغلاپ.
قۇرۇپ كەتكەن پوپۇچنى
هارۋا يېغىدا ياغلاپ.

ئىلىدىن چىققان كۇنى
يانبۇلاقتا ئات چالدۇق.
ئۆيدە قالدى بەش بالا،
خۇدانىڭ سەمىگە سالدۇق.

غۇلجىدىن چىققان هارۋا
يانبۇلاققا ياماشتى.
ئاتا ـ ئانىنى ئويلاپ،
كۆزگە يىغا ياماشتى.

يانبۇلاق ئىكەن شورلۇق،
باشتىن كەتمىدى خورلۇق.
زالىملارنىڭ دەستىدىن
بىر كۇن كۆرمىدۇق خوۋلۇق.

غۇلجىدىن چىقىپ بېرىپ
يانبۇلاققا قايرىلدۇق.
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتلاردىن
ئۆلمەي تۇرۇپ ئايرىلدۇق.

سۇيدۇڭ دېگەن شەلەرنىڭ
لەڭگەر دەپ بازارى بار.

مۇشۇ يەردىن ئۆتكۈچە،
بەگلەرنىڭ ئازارى بار.

باش ھارۋىنىڭ ئوقىنى
سۆيدۈك يولىدا ئوقلاتتىم.
ھارۋىكەش بولۇپ قېلىپ
جەبرىنى تولا تارتتىم.

ئېرگىلۈچەي ھارۋىنىڭ
پىڭچەيلىك سايۋانى بار.
كېتىپ بارغان كارۋاننىڭ
ئۆزگىچە نىشانى بار.

ئېرگىلۈچەي ھارۋىنىڭ
پىڭچەيلىڭ سايۋانى بار.
ئۆزگىدىن ۋاپا كەلمەس،
بىزگە خۇدا بولسۇن يار.

ئىلىدىن چىققان ھارۋا
ئورۇمچىگە لەڭ باستى.
تارتامدۇ، تارتمامدۇ دەپ،
ھارۋىكەشنى غەم باستى.

ئىلىدىن چىققان ھارۋا
تەلكە تېغىغا ياماشتى.
بالىلارنى خىيال قىلساق،
كۆزگە يىغا ئولاشتى.

تەلكىنىڭ غولى دەيدۇ،
باش تەرەپلىرى تاردۇر.
ئاغىنىلەر، غەم قىلما،
يارانقان خۇدا باردۇر.

لوسىگۇڭ ئۆتەڭ دەيدۇ،
تەلكە ئاغزى بىر قولتۇق.
تەلكىدە كارۋان تولا،
ئۆتەلمەستىن ئۈچ قوندۇق.

تەلكىنىڭ داۋانىدا
تورۇق ئاتنى باش قىلدۇق.
تارتامدۇ، تارتمامدۇ دەپ،
قارا كۆزنى ياش قىلدۇق.

تەلكىگە كىرەر كۈنى
دىگەر بىلەن قوزغالدۇق.
تاش داۋانغا كەلگەندە،
يانداق بولۇپ تەڭ تارتتۇق.

تەلكە دېگەن چوڭ داۋان،
يامان يېرى تاش داۋان.
تاش داۋاندىن ئۆتكۈچە،
ئوقۇيدۇ مىڭ سۇبھان.

بىز تەلكىگە كەلگەندە،
بەشىنچى ئاي روزا ئىدى.

قانات پۇتسە داۋاندا،
ئۇچۇپ ئۆتەر بولسىدى.

تەلكىنىڭ داۋانىدا
مەي باغلاپتۇ ئاق ئۆرۈك.
تەلكە داۋان ئىچىدە
يولىدا توققۇز كۆۋرۈك.

تەلكىنىڭ داۋانىنىڭ
ئىككى ئۆتىڭى تاشلىق.
تاش ئۆتەڭدىن ئۆتكۈچە،
تۈگەپ كېتىدۇ ياشلىق.

تەلكە دېگەن ئېگىز تاغ،
قاپتىلىدا قورام تاش.
كېتىپ بارغان كارۋاننىڭ
قۇرۇمايدۇ كۆزى ياش.

ئەرتەي يولىدا ياتما،
پاكچەن بېرىپ دەڭدە يات.
ئۆزۈڭ يېمەي ئاتقا بەر،
خار قىلمايدۇ ئەرنى ئات.

تەلكە ئىچىدە قارىغاي،
پالتام قالدى يارىماي.
خۇدا قوشقان يارىمنى
دۇشمەن قانداق ئايرىغاي؟!

تەلكە ئىچىدە قارىغاي،
مەن ئۇندا ياتاي دەيمەن.
يارغا كۆيگەن يۈرەكنى
زەي يەرگە ياقاي دەيمەن.

تەلكە ئىچىدە تاللار،
تال ئىچىدە سۇمبۇللار.
زالىملارنىڭ دەستىدىن
خار بوپ كەتتى بۇ جانلار.

تەلكىنىڭ داۋانىدىن
ئۆتۈۋالدۇق سالامەت.
ئۇرۇق - تۇغقان قېرىنداش
بىر خۇداغا ئامانەت.

تەلكىدىن ئۇيان ئۆتۈپ،
جاھان كەزگەن ئوخشايمەن.
باللارنى باقارمەن دەپ
ئۆيدىن تەزگەن ئوخشايمەن.

جاغىستايلىق باللارنىڭ
سىمدىن ئۆرۈگەن قامچىسى.
بىز تەلكىدىن ئۆتكەندە،
يىغلاپ قالدى قانچىسى.

ھارۋىكەش بولغان باللار
ئاتلىرىنى ھەيدەيدۇ.

يوللاردا جاپا ـ مۇشكۇل،
ھەر دوقمۇشتا يىغلايدۇ.

تاش داۋاندىن ئۆتكۈچە،
ھارۋا ياندىغان باللار.
توتەي① دەڭگە يەتكۈچە،
مىڭ چىقىپ كىردى جانلار.

بۇ تاغلار ئېگىز تاغلار،
كارۋان بەلنى چىڭ باغلار.
داۋان ئاشماق ئاسانمۇ،
ياخشى بولمىسا ئاتلار.

بۇ تاغلار ئېگىز تاغلار،
ئاشتۇق قانچە داۋانلار.
چۆلسىرىگەن كېيىكتەك
سۇغا تەشنا بۇ جانلار.

سايرامنىڭ كۆلى دەيدۇ،
بىز يانغۇچە توڭلايدۇ.
غەمدە قالغان بېشىمنى
خۇدايىم ئۆزى ئوڭلايدۇ.

سايرامنىڭ كۆلى دەيدۇ،
يا ئاقمايدۇ، تاشمايدۇ.

---

① توتەي ــ (خەنزۇچە) تۆتىنچى ئۆتەڭ.

ئۆلۈمنىڭ نۆۋىتى كەلسە،
ياش ـ قېرىغا باقمايدۇ.

تەلكىدىن چىقىپ سايرام،
ئەتراپى بوران ـ قاينام.
ئاتلارنى دەڭگە تارتتۇق،
توتەيدە ئېلىپ ئارام.

سەنتەي ـ ستەي يوللىرى،
ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل تاشلىرى.
جىرەن ئات كۆچەپ تارتىپ،
لىڭشىپ بارار باشلىرى.

سەنتەي ـ ستەي ئارىلىقى
ئىككى بېكەت تاشلىق يول.
ئۆتەي دەڭدە كانتۇ بار،
سەن ئۆزۈڭگە ھېزى بول.

سەنتەيدىن ئۆيان ئۆتتۇق،
ئۆتەي قارا كۆرۈندى.
تەشنالىقنىڭ دەستىدىن
ئۆپكىلىرىمىز ئۆرۈلدى.

قومۇش بۇلاق يودەنزە،
جىڭدىن ئۆتۈپ قومبۇلاق.
قومبۇلاقتىن ئۆتكۆچە،
تۆگىشىپ كەتتى ئات ـ ئۇلاغ.

قومۇش يېگەن ئاتلارنى
قۇمبۇلاقتا سىنىدۇق.
ئاتلار بىلەن تەڭ تارتىپ
ئەزىز جاننى قىينىدۇق.

داۋاندىن ئۆتۈپ كەتكەن
ئاتلىرىنى داڭلايدۇ.
قۇمبۇلاقتا تارتىسا،
ئاتقا قاراپ يىغلايدۇ.

ھارۋىكەش بولغان باللار
ئاتلىرىنى تالLايدۇ.
مەنمەن دېگەن ھارۋىكەش
قۇمبۇلاقتا يىغلايدۇ.

ئۈرۈمچىنىڭ يولىدا
ئاندا ـ مۇندا قورام تاش.
جەبىر ـ جاپا دەستىدىن
كۆزدىن ئاقتى قانلىق ياش.

غېنى بايۇ غېنى باي،
كارۋان بېشى غېنى باي.
باشقا كەلگەن بالانى
ئوڭشىغانمۇ غېنى باي.

غېنىكامنىڭ باللىرى
تولىسى كېپەكيۈزلۈك.

ئەدھەم قاتقان تورۇقنىڭ
كۆزلىرى چېقىر كۆزلۈك.

ھارۋىكەشۇ، ھارۋىكەش،
يۈرگەن يېرى دەشتمۇدەش.
ئات ـ ھارۋىدىن ئايرىلىپ
كېتەلمەيدۇ جاپاكەش.

ھارۋىكەشلىك قىلغانلار
ھەر كوچىدا پىيادە.
دەڭلەردە تولا يېتىپ
راسخوتلىرى زىيادە.

توغراق چازا، كۆل ئۆتەڭ،
تاجۇزىدا بىرلا دەڭ.
تاللىق چىگىشۇ ئۆتەڭمۇ،
شىخو شەھرىدە مانتا يەڭ.

شىخو يولى ئۈچ ئاچا،
بىرى چۆچەك ـ ئۈرۈمچى.
ئىلىخودىن بارغانلار
كىيگەن پوپۈچ، تىزلامچى.

كۈيتۈن دېگەن ئۆتەڭنىڭ
بەكمۇ يامان پاشىسى.
سۇ ساتارنىڭ چۆلىدە
قالدى ئۆتۈكنىڭ پاشنىسى.

سۇ ساتارنىڭ چۆلىدە
بىر قاپاق سۇ بىر تەڭگە.
سەن ۋەدەڭگە ۋاپا قىل،
ئېپ بېرىمەن چاچتەڭگە.

يەنىسخەيگە يەتمەيلا،
سۇ ساتاردا ھاردى ئات.
سۇنى ساتقان قۇرغۇرلار
تونۇش ئەمەس، بەرى يات.

تۇرما بىردەم بۇ يەردە،
ئاتقا يەم بەر، ھارۋا قات.
تۇرۇپ قالساڭ بىرەر كۈن
جېنىڭ چېكەر داد ــ پەرياد.

ئاتلارنى سۇغارغان بىز
كۈيتۇن يولىدا كۆلدە.
بىزگە يەتتى غېرىبلىق
ئۈرۈمچى يولىدا چۆلدە.

ساندۇخوزا، ئالاۋسۇن،
ھارۋىكەشكە نېمە يول؟
شىخەنزىدە، ماناستا
سەن ئۆزۈڭگە مەھكەم بول.

ئابدۇللا چولاق[1] دەيدۇ،
شەمۇ شەدە ئېتىم بار.
ماناس شەھرىدىن سوراپ باق،
كۆۋرۈكۈڭدە خېتىم بار.

لوتى دېگەن بىر ئۆتەڭ،
توخولۇمۇ بىر ئۆتەڭ.
قۇتۇبىدىن ئۆتكەندە،
سانجى دېگەن تاش ئۆتەڭ.

دايوپۇغا يەتكەندە،
ئۇستۇاشنى يۇيۇۋالدۇق.
ئۈرۈمچى دېگەن شەدە
ھەۋەستە يۈرۈۋالدۇق.

دايوپۇدىن ئۆتكەندە
يىقىلغان يوغان تاش بار.
ئۈرۈمچىگە كېلىۋالدۇق
بىزگە خۇدا بولۇپ يار.

هارۋىكەش باللار دەيدۇ،
ئۈرۈمچىدە پىيادە.
دەڭجارى ئالار پۇلنى،
راسخوتلىرى زىيادە.

① ئابدۇللا چولاق (1908 ــ 1978) دادامتۇ يېزىسىنىڭ بۇلاق دادامتۇ كەنتىدىن.

يودەنزىمۇ يودەنزە
يۇرت سورىغان ھارۋىكەش.
بۇردا نانغا زار بولۇپ
يول تورىغان ھارۋىكەش.

ھارۋىكەش ـ ئاۋارىكەش،
پۇتلىرىدا مايماق كەش.
ئۆتتۈرۈۋېتىپ تاۋكادا
يول تورىغان ھارۋىكەش.

ئۈرۈمچىمۇ شە ئىكەن،
ئىلىخومۇ شە ئىكەن.
يېنىڭدا داچەن بولمىسا،
غېرىبلىق يامان ئىكەن.

ئىلىخودا ئات سېمىز،
ئۈرۈمچىدە ئات ئورۇق.
ئىلىغا كېتەي دېسەم
پۇتۇمدا يوغان چورۇق.

ئۈرۈمچىنىڭ تۇمانى،
خۇدا قىلسۇن ئامانى.
بېدە نەدە بىزلەردە،
ئالتۇن بولدى سامانى.

ئۈرۈمچىدە چالىدۇ
ساتار بىلەن داپ، غېجەك.

هارۋىكەشنى شىلىدى
ئايىم پۈچۈق ھەم تاجەك.

ئۈرۈمچىگە كىرگەندە،
دەڭدە داڭزىغا ئالدى.
بىردەمدە چېرىك كېلىپ
سەيسىگە ھەيدەپ سالدى.

داۋانچىڭدىن ئۆتكەندە،
بايەنخوغا يەتكەندە.
چېرىكلەر تۇتۇۋېلىپ
خويما قىلدى دەپسەندە.

دەڭلەرگە يېتەلمەستىن
تۇمان باستى قاراڭغۇ.
ئوينىشى بەش لەڭ قەغەز،
چېرىك ئەمەس، ساراڭغۇ.

سەيسىدە تولا يۇرۇپ
ھارۋا قالدى توپىدا.
ئالتىنچى ئايدا ئات توڭلاپ
ئۆلدى سەڭگى[①] يولىدا.

سەيسىدە تولا يۇرۇپ
ھارۋا سۇنۇپ، ئات قالدى.

① سەڭگى — مورى - قۇمۇل ئارىلىقىدىكى ئۆتەڭ.

تۆگمەستىن سەيسىسى،
ئىچىمىزگە دەرد تولدى.

ھارۋىدا تولا مېڭىپ
قالدى ئۆتۈك پاشنىسى.
ھارۋىكەشنى ئوڭدۇرمىغان
شېڭ دۆيۈزنىڭ سەيسىسى.

شېڭ شىسەي دېگەن توڭگۇز
ھارۋىكەشنى «خو» دەيدۇ.
ئاغزىدا دېگەن بىلەن،
ئۈچ كۈن تۇرسا «زۇ» دەيدۇ.

توشۇدۇقا توشۇدۇق،
چېرىكنىڭنى توشۇدۇق.
چېرىكنىڭ دەڭدە يېتىپ،
بىز تالادا ئۈششۇدۇق.

بىر ھارۋىدا بەش چېرىك،
ئۆزى بىلەن بەندۇڭ[1] يۈك.
ئات تارتمىسا «تارت» دەيدۇ،
يېتىۋېلىپ بەخۇدۇك.

پارچەساقال[2] بورانلىق،
يوللىرى يامان قۇمساق.

① بەندۇڭ ـــ (خەنزۇچە) يېرىم توننا.
② پارچەساقال ـــ جاي نامى.

چىرىك يەيدۇ توخۇ گۆش،
بىز ماڭىمىز ئاچ قورساق.

داۋانلارغا چىققاندا،
چاققا قويدۇق يوغان تاش.
چىرىك يەيدۇ توخۇ گۆش،
بىز ماڭىمىز قورساق ئاچ.

مەلىگە چىرىك چىقسا
يۈگۈرۈپ چىقتىم تالاغا.
ھارۋىكەش بولۇپ قېلىپ،
خويمۇ قالدىم بالاغا.

ھارۋىكەشنىڭ يول بويى
باردۇر بالا ـ قازاسى.
ھەيدىمەي دېسەم زادى،
قورقۇتىدۇ جازاسى.

تاشلىقتا تولا مېڭىپ
تۆگىدى ئاتنىڭ تاقىسى.
ئەلەم بولدى بىزلەرگە
شىڭ دۆبەننىڭ سەيسىسى.

بىر قارا بوران كەلدى
چىتەي يولىدا كۆلدە.
ئات ـ ئۇلاغ ئۆلۈپ كەتتى
چىڭچىڭزى دېگەن چۆلدە.

هارۋىكەشىنىڭ ئاتلىرى
تورۋىدا قوناق يەيدۇ.
هارۋىكەشكە نەدە ئاش،
قۇرۇق نان ئۆمەللەيدۇ.

دەڭدە ئۇنتۇلۇپ قاپتۇ
بوغا يامىغان بىگىز.
يوللاردا تېپىلمايدۇ
سالغىلى كونا كىگىز.

مورى ـ چىتەي ئارىلىقى
هارۋىكەشكە نېمە يول؟
خۇدايىم ئىمان بەرسۇن،
يولدا قالدى ئېلەمقۇل[①].

چىتەيدىن ئۆتۇپ چۆلدە
پەنجىملىك ئېلەم قالدى.
ئاتاقلىق نىزام گۆدەك[②]
ئاغزىمغا ئىمان سالدى.

سۇلايمان ئىمام بولدى،
هارۋىكەشلەر سەپ تۇزدى.
جېلىلىيۇزى باللىرى
يېتىپ كېلىپ زەپ بولدى.

---

① ئېلەمقۇل ـــ پەنجىملىك هارۋىكەش بولۇپ، ئالتىنچى ئايدا چىتەي يولىدا قار يېغىپ كېتىپ، سوغۇق تېگىپ قازا بولغان.
② نىزام گۆدەك ـــ غۇلجا شەھەرلىك هارۋىكەش.

ئىمانقۇل بىلەن ئېلەم
قالدى بىزدىن ئايرىلىپ.
قەبرىسىگە قارايمىز
ياشلار تۆكۈپ قايرىلىپ.

يارتۇگمەننىڭ مەلىسى
ھارۋىكەشكە بەش قولدەك.
غەمدە قالغان بېشىمنى
ئوڭلىغان ئابدۇل ئۆدەك[1].

ھېزىمكامنى ساراڭ دەيدۇ،
ساراڭ ئەمەس، ئوڭ ئىكەن.
ھارۋىكەشنى سىلايدۇ،
تىلى ياغلىق ئاش ئىكەن.

يوەنچەن، لودۇڭ يولىدا
كۆرۈنمەيدۇ تارانچى.
سۇنقاغىدا دەم ئالما،
ئالدىمىزدا توخوچى.

تارانچى دېگەن يەردە
يۇنۇسكامنىڭ ئۆيى بار.
مۇساپىرنى سىلايدۇ،
ھارۋىكەش دەپ نامى بار.

---

① ئابدۇل ئۆدەك — غولجا شەھەرلىك ھارۋىكەش.

جىنسوزىدا ئوت ياقتۇق،
چىغنى قالاپ ئوچاققا.
سەيسىگە تۇتۇلمىساق،
بىز ياناتتۇق بۇ چاغقا.

چىغنىڭ ئوتىمۇ ئوتمۇ،
شامال ئۇچۇرۇپ كەتتى.
سەيسىدە تولا يۇرۇپ،
هارۋىكەش تۈگىشىپ كەتتى.

هارۋىكەشمۇ بولدۇم مەن،
مەپىكەشمۇ بولدۇم مەن.
ياندا ياردىن ئايرىلىپ،
مەدىكارمۇ بولدۇم مەن.

قۇمۇلدىن چىقىپ بېرىپ،
سابۇلاققا ياماشتۇق.
بەندۇڭ - توشى يولىدا
سۇ تاپالماي يىغلاشتۇق.

كۇشۇينىڭ سۈيى ئاچچىق،
مەنزىلى ئاندىن قاتتىق.
بىزنى بۇيان هەيدىگەن
شىڭ شىسەي شۇم مۇناپىق.

ساچەنزىدە ئات ئۆلدى،
ئىتەكلەرگە ياش تولدى.

پۇل تاپىمىز دەپ چىقىپ،
يېگەن - ئىچكەن ھەش بولدى.

شىڭشىڭشانىڭ يولىدا
تۈگىدى ئاتنىڭ تاقىسى.
شىڭشىڭشاغا يەتكۈچە،
قالدى كۆڭلەكنىڭ ياقىسى.

شىڭشىڭشا دېگەن قايسى؟
ئىككى تاغنىڭ ئارىسى.
ھارۋا ھەيدەپ كەلگەنلەر
ئىلىخونىڭ بالىسى.

شىڭشىڭشا ئۆزى گوبى،
ئىككى تاغنىڭ ئارىسى.
ئىلى يولىغا قاراپ
ئاقتى كۆزنىڭ قارىسى.

شىڭشىڭشادا بار ئىكەن
لەئەل كۆزلۈك قادىركام.
رىزقى بېرىش ئاللادىن،
سەۋەب بولغان زاھىركام.

زاھىركام ھەم قادىركام
ئاكا - ئۇكا كارۋانلار.
يولدا جاپا تارتمايمىز
ئۇلار بىلەن ماڭغانلار.

ناخشا خۇمار قادىركام
سادىركامنىڭ نەۋرىسى.
شىڭشىڭشادا قېپقالدى
نادىركامنىڭ قەبرىسى.

يول ئازابى يامانكەن،
جېنىمىزمۇ ئاز قالدى.
توشۇپ بارغان نەرسىنى
شىڭشىڭشادا ئېپ قالدى.

بەرمىدى سۇنۇق ياماق،
تۇتۇپ قالدۇق ئېغىزنى.
جاپاسىنى بىز تارتىپ،
ئۇلار چاقتى مېغىزنى.

پۇلى بولسا كارۋاننىڭ
شىڭشىڭشادىن كېتەمدۇ؟
كۆرۈپ ئۆتكەن شەھەرلەر
ئىلىخوغا يېتەمدۇ؟

ناخشا ئېيتىپ قادىركام
قۇمۇل دەڭگە كېپ قالدى.
قادىركامنى قۇمۇللۇق
سادىر پالۋان دەپ قالدى.

كېيىن كەلگەن كارۋانلار
بىللە كېتىلى، دەيدۇ.

قۇمۇللۇقلار ناخشىنى
تەڭكەش ئېيتىلى، دەيدۇ.

ئېيتساق ئېيتىلى، دېدۇق،
كېيىن ئېيتىلى، دېدۇق.
ناخشا ئۇلاپ ناخشىغا
ئىلىغا يېتىلى، دېدۇق.

بىز ئىلىغا يول ئالدۇق،
ئارقىمىزدا قۇم قالدى.
نادىركام قازا تاپقاچ،
كۆڭلىمىزدە غەم قالدى.

قۇمۇل يولى قۇملۇقكەن،
بارمىغانلار بىلمەيدۇ.
قۇمۇل يولىغا ماڭغانلار
قانچە ئون رەت يىغلايدۇ.

تەلكىدەك داۋان بارمۇ،
ئىلىخودەك يەر بارمۇ؟
هارۋىكەش ئوغۇل بالا،
ئۇ كۆرمىگەن يەر بارمۇ؟

هارۋىكەشنىڭ ئاتلىرى
دەڭگە قاراپ تارتىدۇ.
هارۋىكەش مۇساپىرلار
سامانلىق ئۆيدە ياتىدۇ.

هارۋىكەشىنىڭ ئاتلىرى
تۇۋرىدا قوناق يەيدۇ.
قوناق يېمىگەن ئاتلار
بىر بەلدىن ئۆتەلمەيدۇ.

چۆچەك يولى يامان يول،
ئوغۇل بالىنى سىنايدۇ.
بايقىماي چىقىپ قويۇپ،
غۇجىكىدا يىغلايدۇ.

غۇجىكى دېگەن يەرنىڭ
يولى يامان قوتۇر تاش.
هارۋا ئۆرۈلۈپ كەتسە،
يۆلەلمەيمىز قورساق ئاچ.

غۇجىكىدىن چىقىۋالدۇق،
ئىشنى ئوڭلاپ خۇدايىم.
غۇجىكىنىڭ يولىدا
هەمراھ بولغان ئىبراھىم.

غۇجىكىغا كەلگەندە،
بەشىنچى ئاي روزىكەن.
راسخوت ئۇزۇلۇپ كەتسە،
قۇرۇق جانمۇ يۇك ئىكەن.

چۆچەك دېگەن شەهەر ئىكەن،
ماختىغىنىچە بار ئىكەن.

قالىغىلى ئۇتۇن يوق،
ئات تېزىكى دورىكەن.

قەرزگە بوغۇلۇپ قالدۇق،
دەڭجالارغا پۇل لازىم.
يېنىدا داچەن بولسا،
دەڭجا بېگىمگە كىم لازىم؟ !

ھارۋىكەش ئوغۇل بالا،
بەش ـ ئالتىدىن ئېتى بار.
يودەنزىگە قاراپ باق،
داڭزىلاردا خېتى بار.

چەيلەڭزىمۇ يودەنزە،
داخىيەنزىمۇ يودەنزە.
ھارۋىكەشنىڭ پۇلىنى
سۇزۇۋالما، يودەنزە.

باش ئېتىم چىلان تورۇق،
كەينىدىكى ئالا ئاياغ.
ھارۋىكەش بولىمەن دەپ
قالدىمەن يالاڭ ئاياغ.

كارۋاننىڭ بېشى دەيدۇ،
شەمۇ شەدە ئوينايدۇ.
ھارۋىكەش يېتىم باللار
دەشت ـ چۆللەردە يىغلايدۇ.

هارۋىكەش باللار دەيدۇ،
چۆل - دەشتلەردە پىيادە.
كەربالانى كېزەمدۇ
بولماي تاغدەك ئىرادە.

ئاتام مېنى چەڭخو قىلىپ
يامبۇ تاپۇرمۇ؟
چەڭخولۇقتا ئۆلۈپ كەتسەم
قۇمدىن تاپۇرمۇ؟

ئاتام مېنى تۇتۇپ بەردى
يامان ئادەمگە.
قانىتىم بولسا ئۇچۇپ كەتسەم
چۆل - باياۋانغا.

ماڭا كۈندە ۋەزىپە
هارۋىلارنى هەيدىمەك.
ئېتىم ئاچىز تۇرسىمۇ
يۈكنى ئېغىر يۈكلىمەك.

ئاتلار ئورۇق، يوللار يىراق،
گوبى ئەمەسمۇ؟!
گوبىدىكى بىزنىڭ يارغا
ئۇۋال ئەمەسمۇ؟!

ئېشەكچى دېمەڭ بىزنى،
ئەنجان يولىدا كارۋان.

سارغايدى دېمەك بېزنى،
دەرد ـ ئەلەمدە سارغايغان.

ئاتلارنى تېزىپ ماڭدۇق
ئۈستىگە تاۋار ئارتىپ.
پۇلنى تاپماق تەس ئىكەن
چۆللەردە جاپا تارتىپ.



# ئۆۋچى قوشاقلىرى

تاغقا چىقتىم، كېيىك ئاتتىم،
بوز كېيىك ئاتالمىدىم.
ئارزۇلاپ يارنى تۇتۇپ،
قوينىدا ياتالمىدىم.

قارچىغام ئۈچتى قولۇمدىن،
كۆرگىنى توشقانمىدۇر؟
تايغىنىم كەتتى شۇيان،
ئوۋنى باسقانمىدۇر؟

ئوۋ ئوۋلايمىز، ئوۋ ئوۋلايمىز،
جاڭگالدا يۈرۈپ.
ئۈچرىغاننى ساق قويمايمىز،
ئالساقلا كۆرۈپ.

بىز يۈرمىگەن جاي قالمىدى
ئېگىز - پەسلىكتە.
ئوۋ ئوۋلايمىز گۆشىنى دەپ،
ئەجەب تەسلىكتە.

بىزلەر بارغان چىمەن تاغلار
ئېگىز - پەس ئىكەن.
ئوۋچىلىقتا گۆشنى يېمەك
ئەجەب تەس ئىكەن.

ئوۋچى ئەزەل پالۋان كېلۇر،
تابىرابىكوم①.
ئىچىشىمىز سوغوق سودور،
يېپىنچىمىز قوم.

چىمەنتاغقا تولا باردوق
تۆگە ئاتقىلى.
خودا بىزنى بويروغانكەن
چۆلدە ياتقىلى.

ئوۋچى دېگەن يورتتا تورماس
تولا كونلىرى.
ئوخلىمايمىز ئوۋچىلىقتا
كونى - تونلىرى.

ئوۋچى بارغان جاڭگاللارغا
هېچ كىشى بارماس.
شو جاڭگالدا تۆگە ئاتقان
جاڭگالدا قالماس.

ئوۋغا بېرىپ كېيىك ئاتساق،
خومار يېشىلور.

---

① تابىرابىكوم — قەدىمدىن، بورۇندىن.

بىر كېپىكنى تېپىۋالغۇچە،
كېپىش تېشىلۇر.

ئوۋچىلارغا تەگكەن خوتۇن
سىمىز كېلىدۇ.
بىز هايۋاننى جىق ئوۋلىساق،
كىگىز كېلىدۇ.

ئوۋچى ئاتقان جانىۋارنىڭ
گۆشلىرى تاتلىق.
بەگ قىزلىرى بولۇۋالغان
ئوۋچىغا ياتلىق.

ئوۋچى پالۋان سەپەر قىلسا،
جاڭگالغا بارۇر.
ئوۋچىلارغا تەگكەن خوتۇن
لوق گۆشكە قانۇر.

ئوۋچى قوپۇپ يولنى ئالۇر
غايىب نېسىۋىگە.
ئوۋچىلارنىڭ خوتۇنلىرى
ئۇستا تەسۋىيگە.

ئوۋچىغا ئىش ئوڭ كەلسە،
تۆگە تېپىلۇر.
قىيامەتتە سوراق بولسا،
خوتۇن چېتىلۇر.

مىلتىقىمنى مەن ئېسىپ
ئىنگىز تېغىدا① ئوۋ ئوۋلىدىم.
بەش بالامنىڭ دەردىدە
قالماق بولۇپ مەن دۆلىدىم.

ئۆردەكلەر تۆۋەن ئۇچسا،
لاچىن ئۇچار ئاسماندا.
چامىم بولسا تۇتۇۋېلىپ
باغلىۋالسام تاسمىدا.

خۇدايىمدىن تىلىۋېدىم،
ياخشى چۈش كۆردۈم بۈگۈن.
قۇرغۇيۇم قولۇمغا چۈشتى،
پادىشاھ بولدۇم بۈگۈن.

مىلتىقىمنى مەن ئېسىپ،
تاغ سايان قىلدىم سەپەر.
خۇدا بۇيرۇسا كېلۇرمەن،
تىنچ ـ ئامان ھەم بىخەتەر.

ئىككى جەرەن ئاتۇرمىز،
بىرنى بىرگە چاتۇرمىز.
مۇساپىر دەپ خار كۆرمەڭ،
بەش كۈن، ئۈچ كۈن ياتۇرمىز.

---

① ئىنگىز تېغى ــ جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە چېگرىسىدىكى تاغ.

ئەۋۋەل ئاخشام يول مېڭىپ
ياغۇرچاقتا① كۈن چىقتى.
ھاۋا تۇتۇلۇپ كېچىچە
تېز بويىدەك قار چۈشتى.

يارى موللامنىڭ ئىشتىنى
ئات مىنسە تاراقشىيدۇ.
قازىنىدا كېپەك گۆشى
ھەر كۈنى پاراقشىيدۇ.

غاز بالىسى، غاز بالىسى،
غازنىڭ بالىسى.
ئوق تەگكەندە غاقىلدايدۇ
غازنىڭ ئانىسى.

بارۇر لاچىن، تۇرۇر لاچىن،
سالسام ئالادۇر.
مەن ئۆلگەندە لاچىنىمنى
يارىم ئالادۇر.

سازەندە يىگىت،
ساز ئالسىنا، ساز چالسىنا.
چۆل يەردە ئۆردەك تولا،
ئىلغاپ بېرىپ غاز ئاتسىنا.

---

① ياغۇرچاق — جاي ئىسمى.

يارى موللام ياخشى ئەر،
بەردەڭگىنى[1] ئاتىدۇ.
يۈگۈرۈپ ئۆتكەن كېيىكنى
بىر تال ئوقتا چاچىدۇ.

ئوردا گىلاڭ[2] بېشىدىن
ئۆچكە ـ تېكە ئاتىدۇ.
قايتالمىسا كېچىسى
يارى تۆشۈكتە ياتىدۇ.

كالا قوشۇپ خارازغا[3]
خۇمىدا ياغ تارتىدۇ.
كۇنجۇرىسىنى لوزۇڭغا
بىر ياماققا ساتىدۇ.

ئاداقىر[4] پۇتۇدىن
ئىككى يىلپىز ئاتتۇق بىز.
تېرىسىنى سۇڭ تەيگە
ماتا، چايغا ساتتۇق بىز.

تېپىۋالدۇق ئىز چېلىپ[5]
شۇلۇسۇننىڭ[6] ئىزىنى.

---

① بەردەڭگە ـــ يالاڭ ئاتار مىلتىق.
② ئوردا گىلاڭ ـــ تاغ ئىسمى.
③ خاراز ـــ جوۋاز.
④ ئاداقىر ـــ تاغ ئىسمى.
⑤ ئىز چېلىش ـــ ئىز قوغلاش.
⑥ شۇلۇسۇن ـــ بىر خىل ياۋايى ھايۋان.

سوقۇۋالدۇق بىر ئوبدان
شۇلۇسۇندىن نەچچىنى.

پىيازلىقتىن[①] ئاتقان ئۆچكە
ئوغلىقى يوق سۇۋاي[②] ئىكەن.
تېرىسىنى تۇلۇم سويغان
ئارزى بوسۇق[③] بوۋاي ئىكەن.

قارا تاشتا ئوق ياساي
سايدا جەرەن ئاتقىلى.
سەن مېنى خىل كۆرمىدىڭ،
بىچارە دەپ يار ئەتكىلى.

مەمەتنىياز دەپ چاقىرسام،
سىڭار كۆزلۈك ئەر چىقتى.
ئارقارلارنى قوغلىشىپ
مۆڭگەرلەردىن تەر چىقتى.

تاغقا چىقتىم، كېيىك ئاتتىم،
ئادىشىم، يۈگۈر - يۈگۈر.
ئىككى قولۇم مۇرەمگە يەتتى،
ئەمدى خۇدايىمغا شۈكۈر.

---

① پىيازلىق — جاي ئىسمى.
② سۇۋاي — قىسىر.
③ ئارزى بوسۇق — ئادەم ئىسمى .

## چاقچىلار قوشىقى

چاقام غوي ـ غوي قىلادۇ،
چەمىكى قايغانمىكىن؟
بىر كېلەيمۇ دېمىدى،
يار كۆڭلى قالغانمىكىن؟

چاقام غوي ـ غوي قىلادۇ،
تانىپى يانغانمىكىن؟
شۇ يارىمنىڭ كۆيگىنى
راستمىكىن، يالغانمىكىن؟

چاقىقا سالغان تانىپىم،
بۆزمىكىن، مەشۇتمىكىن؟
كۆڭلۈمنى ئالغان يىگىت
ماڭا راست ئاشىقمىكىن؟

ئاق ئالما، قىزىل ئالما،
باغدا پىشقان ئەمەسمۇ؟
بىزنى شۇنچە كۆيدۈرگەن
يارىم ئىشچان ئەمەسمۇ؟

چاقىم چاقىدا قالدى،
يىپىم يىڭنىدە قالدى.
گېپىڭ بولسا ئېيت،يارىم،
كۆڭلۈم ئارىدا قالدى.

ئاسماندا چۇۋ – چۇۋ قىلغان
ئۆزى چىرايلىق بوز تورغاي.
بىز ئىككىمىز دوست بولۇپ،
بىر ئوينىساق نېمە بولغاي؟

تەۋەككۇل دەرياسىغا
سالدىم كېمەڭنى يار – يار.
مەيلى ئاقسۇن، مەيلى چۆكسۇن،
سېنىڭ ئىشقىڭدا يار – يار.

تاغ باشىدا لاچىنلار
ئەگىيدۇ ئۇچۇپ ئەركىن.
ساڭا كۆيۈپ كۇل بولدۇم،
كۆڭلۈڭنى ماڭا بەرگىن.


ئىشكايلامغا قارىسام،
بەتنىكەڭنىڭ ئىزى بار.
يۈرىكىمنى يېرىپ باقسام،
ساڭا كۆيگەن دېغى بار.

ئاخىرىسىنى كۆرەرمەن دەپ،
قول تۇتۇشۇپ يۈرەرمەن دەپ.

ئىككى قولۇم بوينۇڭدا،
گىرە سېلىپ سۆيەرمەن دەپ.

ئاق ئالما، قىزىل ئالما،
قىزىلىنى تۇتۇپ سالما.
باشقىلارنى كۆرگەندە،
مەشۇقۇڭنى ئۇنتۇپ قالما.

يارىم كېلۇر قول سېلىپ،
ئارقىدىكى يول بىلەن.
كۆڭلىنى ئالاي دەيمەن،
قولۇمدىكى گۈل بىلەن.



تاغدىن سۈزۈك سۇ كەلسە،
باغدا ئۆسىدۇ رەيھان.
سەن يارىمنى كۆرگەندە،
ئىچىم كۆيىدۇ چەندان.

باغقا كىرەيلى، يارىم،
ئالما ئۈزەيلى، يارىم.
ئالمىزارلىقتا يايراپ،
بىرگە بارايلى، يارىم.

ئاشىقىم ئاسماندا بولسا،
چىققىلى شوت كەتمىسۇن.
ئۆزلىرى هايات تۇرۇپ،
كۆيگىنىم مۇت كەتمىسۇن.

زەرداب تولدى ئىچىمگە،
دەردنى ئۆزۈم بىلىمەن.
كۆزدىن ئاققان ياشىمغا،
كىمە سېلىپ ئۈزىمەن.

ئادەم بالىسى بولسىڭىز،
ماڭا رەھىم قىلسىڭىز.
بۇ ئالەمدە يىغلاتماي،
دەردىمگە دەۋا بولسىڭىز.

قىزىلگۈلۈم، قىزىلگۈلۈم،
يامان چاغدا غازاڭ بولدى.

يۈرىكىمگە ئوت سېپ قويۇپ،
ئۆزى يولغا راۋان بولدى.

كەتسەڭ، يەنە كېلەمسەن،
مېنىڭ ئۈچۈن بولسىمۇ؟
كۆتۈپ تۇراي كەلگۈچە،
يۈرەك قانغا تولسىمۇ.

ئۇ ياندىنمۇ باقتىلا،
بۇ ياندىنمۇ باقتىلا.
كېتەر ۋاقتى كەلگەندە،
يۈرەككە ئوت ياقتىلا.

يار كەتكەندە بۇ يەردىن،
قالدىم ئارمان ئىچىدە.
قاچان كېلەر يارىم دەپ،
زار يىغلايمەن كېچىدە.

يارىم يىراققا كەتتى،
يۈرىكىمنى ئېلىپ كەتتى.
ئەتە كېلەرمۇ، ئۆگۈنمۇ،
يۈرەككە ئوت سېلىپ كەتتى.



# ئەبجەش قوشاقلار



# ئەنجەش قوشاقلار

يارىمنىڭ ئېتى ئايىم،
گەپ - سۆزلىرى مولايىم.
شۇ يارىمنىڭ ئىشقىدا
ئوتتەك كۆيىمەن دائىم.

سىنىڭمەنۇ سىنىڭ مەن،
سىنىڭ بولماي كىمنىڭ مەن؟
ئاتۇشنىڭ بازارىدىن
سېتىۋالغان قۇلۇڭمەن.

ئاق چەينەككە چاي قۇيسام،
كۆك چەينەككە دەز كەتتى.
ئوينىساق بىز ئوينىدۇق،
ساڭا نېمە دەرد يەتتى؟

ھەرە قونماس مەغەزگە،
قاغا قونماس پەغەزگە.
قىز باللا كۆيۈپ قاپتۇ،
كويچەن دېگەن قەغەزگە.

هويلاڭدىكى تېرەكتە
بىر جۈپ كەپتەر ئۈنلەيدۇ.
مەلەڭدىكى چوكانلار
بىزنى نېمە كۈنلەيدۇ؟

ئەتىگەندە ـ سەھەردە،
كۈۋۈكتا دەمدەر ئۈنلەيدۇ.
ئىش ئۆقمىغان ياش باللار
خوتۇننى دائىم كۈنلەيدۇ.

ئاخشام بىر هارامزادە
يارىم بىلەن گەپلەشتى.
كالتەكنى ئېلىپ قويسام،
تار شورىغا كەپلەشتى.

باغنىڭ شورا تۇرامدۇ،
ئانارىڭنى ئۈزگەندەك؟
لېۋىڭ زېدە تۇرامدۇ،
چىشلەپ ئۈزاق شۇمگەندەك؟

ئاتىم ئاتقا ئوخشايدۇ،
يارىم ياتقا ئوخشايدۇ.
يارنىڭ كۆڭلى سىڭاريان،
يار تۇتقانغا ئوخشايدۇ.

هويلاڭدىكى تېرەكتە
بىر جۈپ كەپتەر ئۈنلەيدۇ.

ئاشنىسى يوق جۇۋانلار
خەقنى بىزدىن كۆنلەيدۇ.

شاپتۇل شاخى لىڭشىيدۇ،
شاپتۇل شاخىدا كىم بار؟
يار مېنىڭ دېگەن بىلەن،
يارنىڭ كۆڭلىدە كىم بار؟

دۇتار چالسام ئۇنلەيسەن،
خەقتىن مېنى كۆنلەيسەن.
كۆنلىسەڭ كۆنلەۋەرگىن،
يۆگەپ قويسام ئۇخلايسەن.

قاشىڭنى قارا قىلما،
قاشىڭغا زىيانى بار.
زىيان بولسا ماڭا بولدى،
سېنىڭ باشقا خىيالىڭ بار،

ئايۋانىڭدا ئاي ساندۇق،
سارايىڭدا سىم ساندۇق.
ئون كۈن بولدى ھېچ گەپ يوق،
سەندەك ياردىن بىز تاندۇق.

ئېرىقنى ئويۇپ قويدۇم،
ئەمدى سۇ كېلىپ ئاقسۇن.
يارمۇ بىزنى يار دېسە،
بۇياققا كېلىپ باقسۇن.

بارغۇدەكمۇ ئەمەسمەن،
بارالىغۇدەك ئەمەسمەن.
يارنىڭ سىبىسىق گېپىگە
چىدالىغۇدەك ئەمەسمەن.

ئارال يېزا يوللىرى
ئەگرى ئەمەس، رۇس ئىدى.
مېنىڭ قىلغان گەپلىرىم
يالغان ئەمەس، راست ئىدى.

ئىككى تاغنىڭ ئاراسىدا
ئات يۇگۈرتكەن جايلار بۇ.
چاقىرتساڭمۇ بارمايمەن،
كۆڭۈل قالغان جايلار ئۇ.

قاشىڭنىڭ قاراسىغا،
خال بولاي ئاراسىغا.
ئەسلا رەھمىڭ كەلمەيدۇ،
مۇسۇلمان بالاسىغا.

ئۆزى كەلسۇن دەممىدۇ،
سۆزى كەلسۇن دەممىدۇ.
ئۇلۇغ دەريا سۇيىدە،
ئېقىپ ئۆلسۇن دەممىدۇ.

سامانغا يۆگىلىپ قاپتۇ،
پايخان سورۇغان ئارى.

قىزلارغا كۆيۈپ قاپتۇ،
تراكتور ھەيدىگەن قارى.

كېتىپ بارىدۇ يولدا،
شايى چاپىنى قولدا.
دەپ قويۇڭلار يارىمغا
قاراپ قالمىسۇن يولغا.

يارىم بارمىغان تويغا،
مەن سورىماي بارالمايمەن.
يارنىڭ كۆڭلى بەك نازۇك،
چاي قۇيۇپ ئالالمايمەن.

تال چىۋىقنى ئېگىپ ـ ئېگىپ،
مېنى سوقاي دەمسەن.
ئاتا ـ ئانىسى يوق باللا دەپ،
ئانىي تاپاي دەمسەن.

مەن بازارغا بارمىسام،
قاشىم بازارغا تارتىدۇ.
چوڭ قىزىڭنى بەرمىسەڭ،
كىچىك قىزىڭ قاش ئاتىدۇ.

ئاق ئەلەم، قىزىل ئەلەم،
يارىمنىڭ قېشى قەلەم.
ھېچ كىشىگە كەلمىسۇن،
بىزگە كەلگەن دەرد ـ ئەلەم.

دەردى يوق دەمسەن مېنى،
دەردىم ئىچىمدە بەش تۇلۇم.
بەش تۇلۇم پۇل تاپقۇچە،
سالدىڭ ماڭا جەبرۇ زۇلۇم.

شاپتۇل ئالساڭ ئەنجۇر ئال،
سائەت ئالساڭ زەنجىر ئال.
سائەت ئون ئىككى بولغاندا،
يار قويىندا راھەت ئال.

كىردىم سېنىڭ كەينىڭگە،
قويۇپ بەردىم مەيلىڭگە.
بىڭسىڭ بولسا ئوينىۋال،
ئازار بەرمەي دىلىمگە.

جېنىمنىڭ جانانىسى،
يامى جېنىمنىڭ يامىسى.
مېنى شۇنچە ئويناتمىغان
يارىمنىڭ قېينانىسى.

غېجىكىمنىڭ دەستى،
جۇجەم بېشى تارازىسى.
ئالتە قىز، ئالتە جۇگان
سازەندىنىڭ سەدىقىسى.

مەن بۇگۇن نېمە بولدۇم،
خىيال قىلدىم ئاخشامغا.

باغ باغلىغان چوكانلار
زوق ئەيلىدى ناخشامغا.

تاغ سايان قىلدىڭ سەپەر،
ئەمدى ھالىلار نە كېچەر.
ئارىدا ئادەم تولا،
ئويناپ ـ كۈلۈپ كۈنلەر ئۆتەر.

قارلىق تاغدا قار يېغىپ،
كۈن چىقماي ئېرىپ كەتتى.
ئىستىقىنا ياش باللار
يارىسىز يېنىپ كەتتى.

يولاتمىساڭ يولاتما،
يولۇنۇپ قالسۇن.
ئارپا - پۇرچاق سامىنىدەك
سورۇلۇپ قالسۇن.

ئارپا ـ پۇرچاق سامىنىنى
شامال ئايرىيدۇ.
ئىككى ياخشى بىر بولغاندا،
دۈشمەن ئايرىيدۇ.

زەر بىلەن زەنجىرىسى،
ئالتۇن بىلەن پەنجىرىسى.
چىرقىراپ ئۇن كېلىدۇ،
قىز بېشىدا قاڭغۇرىسى.

ئىرغاينى كېسىپ قويدۇق،
قۇرۇسا قالايلى دەپ.
قىزلارنى كۆرۈپ قويدۇق،
چوڭ بولسا ئالايلى دەپ.

تاغلار ئارىلاپ چاكانداڭنىڭ
مېۋىسى بولماس.
ئارچا بىلەن شەرتى بىردۇر،
قىش - ياز قۇرۇماس.

قۇمۇللاردا خوي ياتتۇق،
ئاتامنىڭ مىراسى دەپ.
جاپانىمۇ بەك تارتتۇق،
ياتقاننىڭ كىراسى دەپ.

قارلىغاچ ئوبدان نېمە،
يازلىقى بار، قىشلىقى يوق.
يېڭى يارمۇ ئوبدان نېمە،
ئاغزىدا بار، كۆڭلىدە يوق.

قارلىغاچ ئۆزى قارا،
ئۇچسا ئۇنىڭ باغرى ئالا.
مورىدىن چىققان تۇتۇندەك،
يارنىڭكى كۆڭلى قارا.

قارلىغاچ، ھەي قارلىغاچ،
قاناتلىرى ئالىماش.

لېۋىڭگە ناۋات سالاي،
بېرى كەل، بولغىن ئاداش.

قارلىغاچ تۈگىلۈككە كەلدى،
ئۆيقۇدىن كۆزۈڭنى ئاچ.
ئۆيقۇدىن نېمە چىقىدۇ،
ئولتۇرۇپ كۆڭلۈڭنى ئاچ.

قارلىغاچنىڭ بالىسى،
سەنمۇ يېتىم، مەنمۇ يېتىم.
مەن سېنى يوقلاي دېسەم،
يوقتۇر مېنىڭ ئاق بوز ئېتىم.

قارلىغاچ، ھەي قارلىغاچ،
ئۇچساڭ مېنىڭ ئالدىمدىن ئۇچ.
قاناتىڭغا خەت پۈتۈرمەن،
ئاپىرىپ يارىمغا تۇت.

قارلىغاچ قېيىپ ئۇچار،
قاناتىنى يېيىپ ئۇچار.
شۇ خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن،
كىمنىڭ يارىنى كىم قۇچار؟

ھاراق ئىچمەي دېۋىدىم،
ئىچمەي ھاراقنى نە قىلاي؟
ئىچسەم رەنجى خۇمارى،
ئوتۇڭغا مەن قانداق چىداي؟

ئىچتى دەرلەر، ئىچتى دەرلەر،
ئىچمىگەنلەر قايدا بار؟
ياخشىلار تۈتسا هاراق،
ئىچسە يۈرەككە پايدا بار.

ئىچسەم شەربى ـ شاراب،
يار ئالدىدا هالىم خاراب.
كېچىسى كەلمەس ئۈيقۇم،
سەھەر قوپۇپ يولغا قاراپ.

هاۋادا يوقلا بۇلۇت،
نېمە تولا شەبنەمدۇر؟
يارغىنەم ئالدىمدا يوق،
نېمە تولا بەتنامدۇر؟

سۇ قوۋۇقنىڭ ئالدىدا،
ياغاچچى پەن تارتىدۇ.
يېڭى يارنىڭ دەردىنى
كونا يار تەڭ تارتىدۇ.

ئات مىندىم ئايدەككىنە،
مىنگەن ئېتىم تايدەككىنە.
يۈزىگە سەپكۈن چۈشۈپتۇ،
بويىدا باردەككىنە.

ئېتىم ئوتلاقتا ئوتلايدۇ،
يارىم شوپاڭدا ئوينايدۇ.

چندازاڭدا پۇل بولسا،
لەۋەن يانىڭدا ئويىنايدۇ.

كىم بىلەن كىمنىڭ ئىشى،
ئۆزىمىزنىڭ ئامانلىقى.
مەيلىمچە ئويناتمىغان
دوست ـ دۇشمەن يامانلىقى.

ئىشىك ئالدى تۇمانسىز،
كۆيۈپ قالساق تۇيامسىز؟
سىزنى بىزدىن ئايرىغان،
كۆڭلى قارا ئىمانسىز.

ئالمىخان كىيىپتۇ كۆڭلەك،
يېڭى چىققان باسمىدىن.
ئالمىخاننىڭ كويىدا،
بىلىمنى باغلاي تاسمىدىن.

ۋاي جېنىمەي ئالمىخان،
قايسى باغنىڭ گۈلىسەن.
ۋاي ـ ۋاي جېنىم ئالمىخان،
يېڭى باغنىڭ گۈلىمەن.

ئالمىخاننىڭ ئانىسى
خويمۇ قىلىدۇ نەسىھەت.
ئالمىخاننى بىرنى سۆيسە،
شېرىن جانغا خاسىيەت.

ئالمىخانلار تاغقا چىقتى،
ئاتلىرىنى تاقىلاپ.
باللىرى ئۆيدە قاپتۇ،
بوسۇغىنى تاتىلاپ.

ئەسكى تامنىڭ تۈۋىنى
ئوردام، دېگەن ئالمىخان.
لەۋلىرىگە سۆيۈپ قويسام،
غوجام، دېگەن ئالمىخان.

ئايسىخانەي ـ ئايسىخانەي،
داڭقى چىققان ئايسىخان.
باللىرىنى تاشلىۋېتىپ،
ئەرگە چىققان ئايسىخان.

چاپىنىمنىڭ يېڭىنى
تاپالمىدىم ـ ساپالمىدىم.
ئايسىخاننىڭ ئۆيىدە
مەن تېخى ياتالمىدىم.

ئوتىڭىزدا بۇ ئۆمۈر
سۇدەك ئۆتەر، قارا كۆز.
يار يولىغا سەپسېلىپ،
خۇش ئوينىغان قارا كۆز.

بويى ئۆسۈپ ئات مىنىپ،
قوش ھەيدىگەن قارا كۆز.

جەدە ئاتقا مىنگەندە،
ياندۇرۇپ ئۆتۈك، قارا كۆز.

*　　*

جۇۋانمۇ تېگەي دەيدۇ،
چوكانمۇ تېگەي دەيدۇ.
چوكاننى ئالاي دېسەم،
ۋاقتىغا باقاي دەيدۇ.

ۋاقىتقا قاراپ ھاردىم،
ھەر كۈنى ئاتقا باردىم.
بىر سۆيۈپ قويۇك دېسەم،
ئانامدىن سوراي دەيدۇ.

بېشىمغا قىستىپ غۇنچە،
تۇرماس دەمى سۆيگۈنچە،
كۆيسەم ئاتقا ئۆلگۈنچە،
كۆڭلۈڭنى ئالاي دەيدۇ.

بۇلبۇلدەك قىلىپ پىغان،
دائىم قىلىمەن گىريان،
ئالماققا تېنىمدىن جان،
ئىشق دېغى سالاي دەيدۇ.

*　　　*

قاشىنىڭ قارىسى ئۆزگە،
كىشى سۆز بەردىمۇ سىزگە؟
كىشى سۆز بەرسە بەرگەندۇ،
يامانلىق قىلمىدىم سىزگە.

جۇۋانغا قاراپ يۇردۇم،
قىزلارغا قاراپ يۇردۇم.
جۇۋانلارغا باقمايمەن،
كۆڭلۇم تارتىدۇ قىزگە.

يۇزلىرى قىزىل ياقۇت،
قىزغا قىزىل ئالما تۇت.
جېنىم ئارا سالدى ئوت،
دەردىمنى ئېيتاي سىزگە.

يارىنى كۆرۇپ نازىم،
قوشلاپ قىلادۇر تەزىم.
بولدى كۆڭۇللەر بەندتە،
ئاچچىقى يامان قىزگە.

بىر سەر ئالتۇن بىر مىسقال،
بىر پۇڭ كەملەپ كەتكەن يوق.
ئاشىق ـ مەشۇق بىر بولۇپ،
مۇرادىغا يەتكەن يوق.

ئۈچاڭدىكى چاپاننىڭ،
ئۆڭمەس دەمسەن رەڭگىنى.
ئەقلىڭ بولسا سۆيمىگىن،
ۋىجدانى يوق بەڭگىنى.

چاينى قۇيدۇم چەينەككە،
جوغىسىدىن تاشتۇرۇپ.
يىڭىياچە يار تۇتتۇم،
كونىسىدىن ئاشۇرۇپ.

ئىتىم بار، ئىگەرىم يوق،
ئۆپكەم بار، جىگەرىم يوق.
ئۆزۈڭ كەلمىسەڭ، يارىم،
بارغۇدەك مىجەزىم يوق.

بىلىكىم تىلىپ قالدى،
خىنىمنىڭ چاقىنى چۆرۈپ.
كۆڭلۈمنى ئىلىۋالدى،
باشىمدىن تۇمار ئۆرۈپ.

مەن باغقا تېرىپ قويدۇم،
كۆك پىياز بىلەن ئوسما.
بىر كېلىپ كۆرۈپ كەتسۇن،
يارىمنىڭ يولىنى توسما.

قىزىلگۈلنى ئەگمەڭ سىز،
سۇندۇرغىلى بولمايدۇ.

چىرايلىقنى سۆيمەڭ سىز،
چىدىغىلى بولمايدۇ.

دەريانىڭ سۈيى ئۇلۇغ،
باغلىغىلى بولمايدۇ.
كۆڭۈل دېگەن ساراڭنى،
چاغلىغىلى بولمايدۇ.

بېغىڭغا كىرىپ باقسام،
تېلىڭ بار، تېرەكىڭ يوق.
مەيدەڭنى تۇتۇپ باقسام،
جېنىڭ بار، يۈرەكىڭ يوق.

ئوت كەتتىيۇ، ئوت كەتتى،
بۇ يۈرەككە ئوت كەتتى.
ھوشيار تۇرۇڭ، ئاسىمگۈل،
كەينىڭىزدىن خەت كەتتى.

يامغۇر چۈشكەن تونۇرغا
يۇلغۇن سالسا كۆيەمدۇ؟
سەن يارىمنىڭ دەردىدە،
ئادەم كۆيۈپ ئۆلەمدۇ؟

بۈگۈن كۈنگە دۈشەنبە،
ئەتە بولۇر سەيشەنبە.
دەردىمنى ئېيتىۋالاي،
ئاتايىن كۆرۈشكەندە.

ئۆستەڭ بويىغا چىقساق،
زىغىر چاچقىلى يەر يوق.
ئاجراشماڭلار، چوكانلار،
سىلەر تەگكۈدەك ئەر يوق.

تاڭ سەھەردە بىر قاغا،
ۋاقىلدايدۇ، «قاق» دەيدۇ.
يارىمنى سۆيەي دېسەم،
ئۇنىمايدۇ، «ياق» دەيدۇ.

قاراقاش قوش ھەيدەيدۇ،
تاپنى تاپقا كەلتۈرۈپ.
بىزنىلا سۆيەي دەيدۇ،
ئۇياتقۇمنى كەلتۈرۈپ.

قېچىپ كېتىدۇ لەگلەك،
ئۈزۈۋېتىمە يىپىنى.
يارىم تېخى ئېيتمىدى،
كۆڭلىدىكى گېپىنى.

ئۆگزەڭگە قۇرۇۋاپسەن
كەپتەر چۈشمىگەن باسماق.
ئالدىمدىن تولا ئۆتمە،
مەن ياراتمىغان قاسماق.

دەردىم ئېشىپ يىپەكتىن،
ئىزدەپ كەلدىم يۇرەكتىن.

تەگسە دەردىم يارىمغا،
ئۆتۈپ كەتسۇن سۆڭەكتىن.

ئىشىك ئالدى كۆلچەكتە،
ئۆردەك بىلەن غاز تولا.
مەن سىزگە كۆيۈپ قالدىم،
رەھىم قىلىڭ ئاز ـ تولا.

قاراڭغۇدىن قورقمايمەن،
قاراڭدىن قورقىمەن، يارىم.
مەن سىنى ئالاي دەيمەن،
ئاناڭدىن قورقىمەن، يارىم.

ئېگىزگە قاراپ باقسام،
تېرەك باشىدا قاغا.
سەن نېمانچە يىغلايسەن،
ۋاپا قىلمىغان يارغا.

ۋاپا قىلمىغان يارنى
يار تۇتۇپ يۈرەرسەنمۇ؟
باغرى تاش نادان يارنىڭ
ئوتىدا كۆيەرسەنمۇ؟

مەن يېتىمغا كىم قويۇپتۇ،
سودىگەر يار تۇتقىلى.
سودىگەر سودىغا كەتسە،
ئولتۇرۇپ قان يۇتقىلى.

سودىگەرنىڭ سودىسىغا
مەيلى بار، بىزگە ئەمەس.
ئۆز غېمىڭنى يە ئۆزۈڭلا،
باشقىلار ھەرگىز يېمەس.

چاپىنىمنىڭ يېڭىنى
شاتىۋاردا ئۇشلىغان.
ئەرگە تەگمەيمەن دېسەم،
ئانام بېشىمغا مۇشتلىغان.

چىماچاچاقۇ، چىماچاچاق،
چاۋار تەردىم بىر قۇچاق.
سودىگەردىن قۇتۇلسام،
نەدىن كەلدىڭ تۇتۇچاق.

تال چىۋىقنى ئەگكۈچە،
مەيلىم يوققا تەگكۈچە،
ئۆلۈۋالسام بولمامدۇ،
شۇنداق دەردنى تارتقۇچە؟!

تاۋار كۆڭلەك كىيمەيمەن،
ئېتىكىمنى لاي قىلىپ.
قىمارۋازغا تەگمەيمەن،
يۈرىكىمنى داغ قىلىپ.

ئاتۇشنىڭ يېرى تاشلىق،
تاشلىقتا بولۇر ئاشلىق.

ئوينىۋالىلى، باللا،
ئۆتۈپ كېتىدۇ ياشلىق.

كۆلگە چۈشكەن ئۆردەكنى
بىلمىگەنلەر غاز، دەيدۇ.
خۇيى تۇتسا يارىمنىڭ،
مۇھەببىتىڭ ئاز، دەيدۇ.

ئارقىدىن شامال چىقىپ،
ئۆرۈۋەتتى باراڭنى.
باغلاپ قويسا تۇرمايدۇ،
كۆڭۈل دېگەن ساراڭنى.

ئات ئوقۇرغا باغلاندى،
بېدە يەمدۇ، سامانمۇ؟
خەق ئوينىسا ھېچ گەپ يوق،
مەن ئوينىسام يامانمۇ؟

ئىشىك ئالدى چىناردۇر،
بۇلبۇل كېلىپ قونادۇر.
يار ئۈستىگە يار تۇتماق،
ئوغۇل - قىزغا گۇناھتۇر.

ھويلاڭدىكى كاۋاڭنى
ئېلىپ قويدۇم باراڭغا.
ئەگەشمەيمەن، پەندىيات،
كۆڭۈل دېگەن ساراڭغا.

ئېگىز ئاسماندا تۇۋرۇك يوق،
ئاقار دەريادا كۆۋرۈك يوق.
جىمى ئالەم گۇۋاھ بولسۇن،
سەندىن باشقا يارىم يوق.

قانچە سۇنسام قولۇمنى،
يەتمەيدىكەن ئېگىزگە.
يېڭى تۇتقان يارىڭنى
تولا ماختىما بىزگە.
سەن مېنى گوللىغاچقا،
چىقىپ قالدىم مەن تۇزگە.

توخۇ دېگەن بەك سەگەك،
تاڭ سەھەردە سايرايدۇ.
يارىنىڭ كۆڭلىدە كىم بار،
ئارقا يولغا قارايدۇ.
بىۋاپالىق قىلساڭ يار،
ئەللەر سېنى قارغايدۇ.

قوينى ئەگىپ يۇرىدۇ،
جاڭگالدىكى بۆرىلەر.
يارنى ئۇرغان قولىنى
يېسۇن قۇرت ـ كۇيىلەر.
كۆزىڭىزدە ياش كۆرسەم،
ئۇگىلادۇ ئۇگىلەر.

ئېچىلىپتۇ قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسى،
چىشلىرىڭىز دوپپىڭىزنىڭ ئۈنچىسى.
بارسام، يارىم، سىزگە بالا بولۇرمۇ؟
يامان ئىكەن ئاناڭىزنىڭ كۈنچىسى.

بىر كىشى بار كۈندە سېنى سورايدۇ،
دېرىزەڭدىن ئۆي ئىچىگە قارايدۇ.
چاكار قىلىپ ئالغىن ئۇنى، ئەي خانىم،
ئۆلگىچەمدە سېنىڭدىن ھەق ئالمايدۇ.

قورساقىمنىڭ ئاچىغا،
خام كۆمەچنى يەپتىمەن.
ئامرىقىم كۆرۈنمىسە،
سۇغا كەتتى دەپتىمەن.
چىلبۆرىنىڭ قەستىنى
قىلچىمۇ بىلمەپتىمەن.

ئويناق كۆزۈڭ ئوخشايدۇ
ئويناپ تۇرغان بۇلاققا.
ۋەدىلەشكەن گۇناھمۇ،
قالدۇق ئەجەب سوراققا.
قىزىلگۈلۈم، چۈشتۈققۇ،
ئۆلمەي تۇرۇپ دوزاخقا.

بىزلەر تارتقان دەردلەرنى
يار تارتسا چىدالمايدۇ.
بىزمۇ ئادەم بالىسى،

قاتارغا ھېچ قاتمايدۇ.
كەملىكىم بار نەرسىدە،
كىچىك دەپ ياراتمايدۇ.

دەريانىڭ ئۇ لېۋىدە
كۆردۈم مەن سېنى.
زۇلپىڭغا زەنجىر سېلىپ،
ئۆتكۈزگىن مېنى.

زۇلپىڭغا زەنجىر سېلىپ،
ئۆتكۈزمىسەڭ سەن.
تا قىيامەت ئۆتىغا
قويىمەن سېنى.

دەريانىڭ ئۇ لېۋىدە
چاچلىق توقاي تۈز كۆرۈنەر.
شايى كۆڭلەك ئىچىدە،
قېرى خوتۇن قىز كۆرۈنەر.

قېرى خوتۇننىڭ ئالدىدا
شېرى يىگىتى.
شېرى يىگىت ئالدىدا،
ئالما يېمىشى.

ئون تۆت كۈنلۈك ئالەمدە،
بىر كۆرمىدىم ھالاۋەت.
ئاجىز بەندەڭ گۇناھكار،

قادىر ئىگەم، ئاسان ئەت.
توۋا قىلغىن، ياش باللا،
بۇ جان بىزگە ئامانەت.

ھارۋىنى ھەيدەپ ماڭدىم،
تارىمدىكى خامانغا.
گەپ قىلمىساڭ بولمامدۇ،
ماڭا ئوخشاش يامانغا.
دوست ۋە دۈشمەن ئىچىدە،
ئايلاندىم مەن ساراڭغا.

ياغلىقىڭنىڭ ئۇچىدا
جاراڭلايدۇ قوڭغۇراق.
ئىچىم تولۇپ ئارمانغا
باغرىم بولدى مىڭ قۇراق.
گۇناھىمنى بىلمەيمەن،
مېنى قىلدى كۆپ سوراق.

قارلەيلىسى، ئارچىلار،
قورقمىغاچقا جۇدۇندىن،
ئىشق ئەھلى خار ئىكەن،
بۇ ئالەمدە بۇرۇندىن.
زۇلمەت سىقىپ، ۋەدەمنى
چىقىرالماس كۆڭلۈمدىن.

ھاۋادىكى لاچىنىنىڭ
قاناتىدا توپا يوق.

بىلىپ قويغىن، جان باللار،
چىرايلىقتا ۋاپا يوق.

ئۇ يانىمدىن ئۆتكەنلەر،
بۇ يانىمدىن ئۆتمىسۇن.
بىزنى يامان دېگەنلەر
مەقسىتىگە يەتمىسۇن.

ئېتىمنى توقۇپ قويدۇم،
يول چىقسا ماڭارمەن دەپ.
يېڭىياچە يار تۇتتۇم،
بۇيرۇسا ئالارمەن دەپ.

بىر يارغا ئىشقى چۇشۇپ،
غەمگە پاتمىغان كىم بار؟
ئىشق ئوتى دەستىدىن
كۆيۈك تارتمىغان كىم بار؟

قوناق يېمىگەن ئاتلار
ئوتلاقتا ھېرىپ قالدى.
ئەر تاللىغان قىزچاقلار
يىگىت يوق قېرىپ قالدى.

قارلىق تاغقا قار ياغدى،
سەيناغا يامغۇر.
بىزنىڭ يارلار ئاش ئېتىپتۇ،
گۆشى يوق چامغۇر.

باغىڭدىكى ئالماڭنى،
چىشلەپ يەيمەن، ئۈزمەيمەن.
كۆڭلۈم چۈشمىگەن يارغا،
ماقۇل دەيمەن، سۆيمەيمەن.

ئاق پوسما، يېشىل پوسما،
بازاردا سېتىلماسمۇ؟
ساڭا ئوخشاش لىڭتاسما،
ئىزدىسە تېپىلماسمۇ؟

قاش بېشىغا چىققاندا،
يامغۇر يېغىپ توختىماس.
نازلىنىپ تۇرغان بىلەن،
ئۆز يارىمغا ئوخشىماس.

مېنىڭ يارىم كەلمەيدۇ،
كېلىپ قالسا كەتمەيدۇ.
چىرايلىقنى يار دەيدۇ،
ۋىجدانلىققا يەتمەيدۇ.

يار كەلمىدى مەشرەپكە،
تارتاي دېسەم يېنىمغا.
ئەمدى كۆڭۈل بەرمەيمەن،
ۋەدىسى يالغان خېنىمغا.

چاپان ئالدىم ئۆزۈمگە،
ناۋات رەڭلىك دىكادىن.

قاراپ قويسام بىر قىزغا،
ئۆيگە كەپتۇ بىكاردىن.

يار كېلىپ ئولتۇرسۇن دەپ،
كاتقا سالدىم ئەديال.
يېڭى يارنىڭ ئالدىدا،
كونا يارغا نېمە هال؟

ئالما يەپ ئولتۇرسام،
ئۇرۇق چۈشتى تەخسىگە.
يارى يوق خېنىملارنىڭ
قورۇق چۈشتى مەڭزىگە.

ئىشنى قىلساڭ پەملەپ قىل،
هەربىر ئىشنىڭ ئېپى بار.
يارنى سۆيسەڭ پەملەپ سۆي،
دوست ـ دۈشمەننىڭ گېپى بار.

يارىم گىلەم توقۇيدۇ،
تۆمۈر ئىكەن پەنجىسى.
چوڭىنى ئالاي دېسەم،
كۆز تاشلايدۇ كەنجىسى.

ئالما دېسەڭ غۇلجىدا،
بېلىق چىقار شاياردىن.
هەقىقىي يار تېپىلماس،
ئىزدىگەندە بازاردىن.

ياقىلايمەن بېغىڭنى،
كۆزۈم چۈشتى ئالمىغا.
ئاپارمىغىن، يار، مېنى
دوست ـ دۈشمەنلىنىڭ ئالدىغا.

ئۈسسۈل ئوينىغان سەتەڭنىڭ
پىستان قويغان كەشى بار.
كۆيىمەن دېگەن بىلەن،
كەينىدە ئون بەشى بار.

مەن يارىمغا خەت يازسام،
خېتىم قالدى جاۋابسىز.
سەۋەبىنى سورىسام،
يارىم ئىكەن ساۋاتسىز.

پۈتۈمدىكى ئۆتۈكنى
قاراماي‌دا مايلايمەن.
ئەمگەك سۆيمىگەن يارغا
مەن نېمىشقا قارايمەن؟ !

ئۆرۈك شېخى ئېگىزكەن،
بولماس ئۈنى ئەگكىلى.
مېنى يامان دېدىڭمۇ،
ئاقساقالغا تەگكىلى.

يارىم كۈلۈپ تۇرۇپتۇ،
ئىشىك ئالدى قوناقلىقتا.

ماڭا ئالما ساقلايدۇ،
ئانارگۈللۈك ياغلىقتا.

ئاسمانىنى بۇلۇت باستى،
كۆرۈنمەيدۇ يۇلتۇز ـ ئاي.
قىزىلگۈلدەك يارىمدىن
ئايرىۋەتتى قازىباي.

يىراق يولدىن قورقمايمەن،
شامال يەتمەس ئېتىم بار.
خۇما يارغا ئۈچ بۇرجەك
قاتلاپ قويغان خېتىم بار.

خىيال سۈرۈپ ئولتۇرسام،
ئالما چۈشتى بېشىمغا.
يارىم، ماڭا ئەسقاتتىڭ،
كۈن چۈشكەندە بېشىمغا.

بۇغدايىنى ئورۇپ قويدۇم،
توشۇيدىغان خامان يوق.
يېڭى يار تۇتقان بىلەن،
ئوينايدىغان ماكان يوق.

قىزىلگۈل ئۆسمەيدىكەن،
شاخىنى كەسمەيدىكەن.
باشقا ئوت ئۆچكەن بىلەن،
يار ئوتى ئۆچمەيدىكەن.

ھويلاڭدىن موزاي چىقتى،
تەڭدىن تولىسى قاشقا.
ھېيتباقى كۆيۈپ قاپتۇ،
ئازنىخان قەلەم قاشقا.

گۈللەر ئېچىلىپ قاپتۇ،
بېرىپ كۆرىلى تاغنى.
سارىخان مېنىڭ يارىم،
شەرەت قىلىدۇ باغنى.

كۆردۈڭمۇ قارا قاشنى،
چايناپ بېرىدۇ ماشنى.
ئۆلتۈرسەڭمۇ ئىچمەيمەن،
يارىم ئەتمىگەن ئاشنى.

ئاق جۇۋان ئەجەب چاققان،
مېنى بىرنەچچە كۈن باققان.
ئايرىلىپ كېتەي دېسەم،
دەردىمنى تولا تارتقان.

ئون قولۇمدا ئون ئۈزۈك،
بىرىدىن بىرى سۈزۈك.
بۇلتۇر سۆيگەن يارىمدىن
بۇ يىل سۆيگىنىم تۈزۈك.

نەشتەر دېگەن بۇ زەھەر
ئالىدۇ قاننى.

مۇھەببەتنىڭ كېسىلى
ئالىدۇ جاننى.

سامان ئالدىڭ، سامان ئالدىڭ،
سامانلىقىڭدىن.
يىگىت تۇرۇپ چوكان ئالدىڭ،
يامانلىقىڭدىن.

كونا ئۆينى يىقتسام،
ئاچچىق ئىكەن توپىسى.
يارنى مەندىن تەزدۇرگەن
ئاشۇ ۋات ـ ۋات ئاپىسى.

قوناقلىقنى قۇم باستى،
يار يولىنى سۇ باستى.
ئارىمىزدا دۈشمەن بار،
ئىككىمىزنى غەم باستى.

ئالما يەيسەن، غورا يەيسەن،
پايدا قىلمايدۇ ساڭا.
سۆيگىنىڭ بەڭگى، قىمارۋاز،
دارى قالمايدۇ ساڭا.

يامغۇرلار تولا ياغسا،
مۇزداۋانلار پەسلەيدۇ.
يار، ئۆزۈڭگە ھوشيار بول،
ياتلار بىزنى قەستلەيدۇ.

يارىمنىڭ تۇتقان ئۆيى،
تۇگمەن بېشى، قىر بېشى.
مەن كۆيسەم يارغا كۆيدۇم،
دورغىلارنىڭ نېم ئىشى؟ !

ئۇ يايلاقتىن بۇ يايلاققا
قانداق يايلايسەن؟
يارنىڭ ئۆيى ئەپسىز يەردە،
قانداق پايلايسەن؟

ئورما ئورۇغان بىلەكنى،
يارىم كېلىپ سىلىدى.
سۆيۈپ قويسام قولىنى،
ئانىسى قاقۋاش تىللىدى.

بويىدا چىغىرتماق،
سايىسىدە كىم ياتار؟
يارنىڭ ئاچچىقى يامان،
تەتۈر قاراپ دۈم ياتار.

ئالتە ئاي ئىشلەپ خاماندا،
دان ئايرىدىم سامانىدىن.
يار ئىشقى يامانىكەن،
ئايرىدى تۈل ئانامدىن.

مەن نەگە بارالايمەن،
بوينۇم قىلدا باغلاقلىق.

يار بىلەن كۆرۈشكەندە،
يات ئادەملەر پايلاقلىق.

ئاخشامقى هارامزادە
دېرىزەمدىن مارايدۇ.
يارىم بىلەن گەپلەشسەم،
يەر تېگىدىن قارايدۇ.

ئېگىز تاغقا چىققاندا،
قاراپ قالدىم كەينىمگە.
ئېسىلىۋالما پېشىمگە،
قويۇپ بەرگىن مەيلىمگە.

ئاتقا بېدە تاشلاڭلار،
«گاچۇر - گۇچۇر» چاينىسۇن.
كىمنىڭ مەيلى كىمدە بولسا،
مارىماڭلار، ئوينىسۇن.

بېغىمدىكى تېرەكنىڭ
شاخلىرى مىڭ بىر پۇتاق.
يارىمنى قەستلىگەننىڭ
بوينىغا خەنجەر - پىچاق.

ئەتلەس كۆڭلىكىم بولسا،
تاۋار - دۇردۇن دېمەسمەن.
كۆڭلۈمدىكى يار بولسا،
باشقىسىنى سۆيمەسمەن.

ئۆستەڭ بويىدا تاللار،
ئاللا سالىدۇ باللار.
ئاللىسىغا كۆيمەڭلار،
ئوتقا سالىدۇ باللار.

يارغا بەردىم بەش تەڭگە،
ئېسىپ قويدۇم چاچتەڭگە.
ئەسلي مەيلىم يوق ئىدى،
ئويناپ قويدۇم قەستەنگە.

قارا ـ قارا قاغىلار،
خامانغا چۈشتى.
ئاۋۋال تۇتقان يارىمنىڭ
ئوتلىرى ئۆچتى.

گۈل غۇنچىسى ئېچىلار،
ئەتىيازنىڭ پەسلىدە.
ئوينالمىدىم يار بىلەن،
يېتىمخورنىڭ دەستىدە.

ئاق قەغەز، ئاپئاق قەغەز،
يارىمنىڭ چىرايلىرى.
يارىمنى كۆرەي دېسەم،
ئانىسى كەتمەس نېرى.

ئات بولسا ئوبدان بولسا،
ئۇزۇن قۇيرۇق، كەكە باش.

يار بولسا ئوبدان بولسا،
بوغداي ئۆڭلۈك، قەلەم قاش.

يار بولسا ئىللىق بولسا،
گەپلىرى سىلىق بولسا.
مېھرىم شۇنچە ئاشامدۇ،
قوينۇمدا بېلىق بولسا.

تۈنۈگۈن چۈش مەھەلدە،
بىر جۈپ چوكان چىقتى سۇغا.
قاپاقلىرى لايغا پېتىپ،
ئالمىلىرى ئاقتى سۇغا.

مېنىڭ يارىم گۈلسارەم،
يېڭى يەردە تۇغۇلغان.
گۈلسارەمنى دېگەنلەر
ياماق پۇلغا بوغۇلغان.

كەپتەرلىرىڭ ئاق دېسەم،
ئاپئاق ئەمەس، كۆك ئىكەن.
ساقال دېگەن بىرنېمە،
يىگىتلەرگە يۈك ئىكەن.

چىلان تورۇق ئېتىمنىڭ
سۆڭگۈچىدە ئالاسى.
شۇبۇ كۈندە يار تۇتسام،
چىقىپ قاپتۇ شاجاسى.

ئاشىقى دەيدۇ مېنى،
چىن ئاشىقى دەيدۇ مېنى.
ئاشىقى يوق نېمىدەك،
خەقلەر ياراتمايدۇ مېنى.

يولدا ئۆتكەن شۇ كېيىكنىڭ
ئىزى بولغاي ـ بولمىغاي.
يار ئۇچۇن يېگەن تاياقنىڭ
زەخمى بولغاي ـ بولمىغاي.

گۇل بىلەن ئۇرسام تىكەننى،
گۇل بولۇر، گۇللەر بولۇر.
باشقا قونغان قاغىلار
يار ئالدىدا بۇلبۇل بولۇر.

مەن كىچىك نادان چېغىمدا،
ئاشنا بولدۇمغۇ ساڭا.
سىنىماي كۆڭۈل بېرىپ،
خارۇزار بولدۇم ساڭا.

تەلۋىلەرنىڭ شانىمۇ،
هەردەم پەرىشان سۆزلىمەك.
بۇ ساڭا ئادەت بولۇرمۇ،
ئۆتكەن ئىشنى تەگىمەك؟

ئاينى ئەينەك يېگۈدەك،
سەرۋەڭدە يايلاپ يۈرگۈدەك.

يەنە سەرۋەك گۈلىنى،
ئايلا خېنىمنىڭ دېگۈدەك.

مەنمۇ باردىم پەرھادقا،
ئۈچىمىز مىندۇق بىر ئاتقا.
بالىسى ئويۇن بىلەن،
ئاتىسى قاپتۇ ئۇياتقا.

ھەممە ئىشنىڭ چېغى بار،
يۈرەكنىڭمۇ بېغى بار.
ئويلىماستىن يار تۇتساڭ،
ئاخىرىدا دېغى بار.

ئېگىز دەھلىز باشىدا،
لەتتە قويدۇم مەن سېنى.
ئادىتىڭنى تارتىۋېلىپ،
دەردتە قويدۇم مەن سېنى.

ئويلارەي، ئويلار،
تاغ بېشىدا تويلار.
كەشتە كىيمىگەن قىزلار
بىر ياغلىق ئۈچۈن يىغلار.

ئېگىز ئايۋان، پەس ئايۋان،
ئولتۇرامدۇ تەيتەيخان؟
مەن ئەقلىمدىن ئازمايتتىم،
قانداق شەيتان ئازدۇرغان.

دەردى تولىكەن يارنىڭ،
كۆڭۈلنىڭ ئارامى يوق.
ئوينىۋېلىڭلار، ياش باللا،
بۇ ئىشنىڭ يامانى يوق.

پىيازلىقتا كۆك ئوسما،
سۇنى كۆرۈپ سولاشما.
بىز ئىككىيلەن ئوينايلى،
ئېرىڭ بىلەن بولاشما.

ئۆگزىڭىزگە مەن چىقسام،
توخۇڭىز پالاقشىيدۇ.
بىز ئىككىمىز گەپلەشسەك،
ئانىڭىز ۋالاقشىيدۇ.

ئەيساكامنىڭ ئۆگزىسىگە
يامىشىۋاپتۇ چىڭگىلىك.
سۆيسەڭ تاللاپ سۆيگۈلۈك،
بولمىسا مەندەك يۇرگۈلۈك.

قاراپ ئولتۇرۇڭ بىزگە،
راۋاب چېلىپ بېرەي سىزگە.
ئېرىڭىزدىن ئاجراشاڭ،
كاۋاپ ئېلىپ بېرەي سىزگە.

ئۇجمىلەر پىشىپ قاپتۇ،
شاخ ـ شاخىدا مەي باغلاپ.

چوكانلار ھېرىپ قاپتۇ،
يىگىتلەرگە قول باغلاپ.

دەريا بويى چۈجگۈنلۈك،
چۈجگۈنلۈكتە يۈرگۈلۈك.
سۆيسەڭ تاللاپ سۆيگۈلۈك،
سۆيمىسە بىزدەك يۈرگۈلۈك.

كېچىسى تام ياقىلاپ،
چۈجە خوراز بولدى كىشى.
ئۆزىدىن چوڭ يار تۇتۇپ،
كۆلكىگە قالدى كىشى.

يارىمنىڭ خامانىدىن
ئالدىم تۆگەمگە سامان.
ئاشىق بىلەن مەشۇققا،
قاراڭغۇدىن ئايدىڭ يامان.

قىزىلگۈل ئاراسىدىن
گۈلنى تاللاپ ئۈزگۈلۈك.
ۋىجدانسىزدا ۋاپا يوق،
يارنى تاللاپ سۆيگۈلۈك.

لاي بىلەن سالغان ئىمارەت
بولمىغاي مىڭ يادىلىق.
ئاغرىتىپ ئالغان كۆڭۈلدە،
بولمىغاي ئازادىلىق.

ئاتايمۇ شىغىل تاشنى،
ئاتمايمۇ شىغىل تاشنى؟
دوستلىرىم دۈشمەن بولدى،
ئەمدى كۆرسۈن ئويناشنى.

تاغقا چىقتىم شىكارغا،
روزىۋاي پالۋان بىلەن.
كەتتى ياشلىق بىكارغا،
ئىرى بار جۇۋان بىلەن.

تۇگمىنىڭنىڭ نورى ساز،
چۆرگىلىمەيدۇ، سۇيى ئاز.
مەن يارنى ئالاي دىسەم،
قويۇپ بەرمەيدۇ ئىرى تاز.

ئۆستەڭ چاپساڭ چوڭقۇر چاپ،
ئۆتەلمىسۇن ياش باللا.
ياش باللىنىڭ دەردىدە
ئۆلۈپ كەتسۇن چوكانلا.

ئاتلىرىڭىز قوش ئىكەن،
بۇلبۇلىڭىز خۇش ئىكەن.
ئوغۇللار ئەجەب چاققان،
سىكىلەكلەر بەك بوشكەن.

يارىم بەردى تاماكا،
دەردى بولسا تارتسۇن دەپ.

قىيناناm سولاپ قويدى،
تاڭ ئاتقۇچە ياتسۇن دەپ.

بۈگۈن ئاخشام قار ياغدى،
ئوينىغىلى بولمايدۇ.
ئوينىساقمۇ ئويندۇق،
بالدۇرقىدەك بولمايدۇ.

سۆزۈك سۈنى لاي قىلغان،
تاختا كۆۋرۈك توپىسى.
قىز باللارنى ئۈز قىلغان
پىيازلىقنىڭ ئوسمىسى.

ئورمىنى تولا ئوروپ،
باغ باغلايمىز ئايدىڭدا.
بالدۇر سۆيگەن يارىڭنى
ساقلا دائىم يادىڭدا.

باش تۈگمەنگە نو قويدۇم،
ئاياغ تۈگمەنگە گۈلدۈرمە.
ھەرقانچە يامان بولساڭ،
دۈشمىنىڭگە بىلدۈرمە.

كەتمەن بولسا پولاتتىن،
چاپقان بىلەن قايرىلماس.
يارىڭ بولسا ۋاپادار،
تا ئۆلگۈچە ئايرىلماس.

ئاشنا تۇتساڭ جۇۋان تۇت،
بىلمىگەننى بىلدۇرەر.
پاقلان گۆشتە كۆمەچ ئېتىپ،
راست تويغۇچە يېدۇرەر.

يار مىنگەن تورۇق ئاتنىڭ
ئوڭ قۇلىقىدا ئەن بار.
قورقماي چىققىن تالاغا،
ئىشىك تۇۋىدە مەن بار.

نامرات بىلەن ئوينايمەن،
باي مېنىڭ خىلىم ئەمەس.
پۇل تاپسا ئۆزى تاپقان،
تېگىننى بۆلۈپ بەرمەس.

ئاخشامقى هارامزادە،
يارىم بىلەن گەپلەشتى.
گەپ قىلماي قويۇپ بەرسەم،
ئويناپ ھەددىدىن ئاشتى.

ئېتىم ئۇركۇپ كىرمەيدۇ،
غازى بارمىكىن كۆلدە؟
قىچقىرساممۇ چىقمايدۇ،
ئېرى بارمىكىن ئۆيدە.

ئات مىنسەممۇ ئوينايمەن،
مىنمىسەممۇ ئوينايمەن.

قىزنىڭ ھەشمى تولا،
جۇۋان بىلەن ئوينايمەن.

لەيلىقازاق قىسماقلار،
توزۇپ كېتىدۇ يەرگە.
قىزنى ئاشىق تۇتماقلار،
تېگىپ كېتىدۇ ئەرگە.

جۇۋانمۇ تېگەي دەيدۇ،
چوكانمۇ تېگەي دەيدۇ.
ئانىسى يامان خوتۇن،
شايىدىن چاپان دەيدۇ.

ئىشىك ئالدى قۇم بولسا،
قاپاق تېرەك ئۆسمەمدۇ.
ئاشنام يېنىمدا بولسا،
كۆڭلۇم تاغدەك ئۆسمەمدۇ؟!

تام تۆپىسىگە تام سالدىم،
غۇلاچىمغا كەلتۈرۈپ.
قىز بالا كۆيۈپ قاپتۇ،
ئۇياتقۇمنى كەلتۈرۈپ.

قولۇمدىكى قۇشۇمنى
پېشايۋانغا ئۆگەتتىم.
ئىچىمدىكى دەردلەرنى
ناخشا بىلەن تۈگەتتىم.

ئاياغىمدا مادارىم يوق،
ئەل بىلەن ماڭالمايمەن.
ئەزەلدىن تەقدىرىم شۇنداق،
مەن كىمدىن يامانلايمەن؟ !

ئۆستەڭنىڭ تېگى قاتتىق،
چاپاي دېسەم كەتمەن يوق.
دەردىمنى ئېيتاي دېسەم،
ئۆزۈم ئوخشاش دەردمەن يوق.

تاشكەنت دوپپاڭ كىمنىڭكى،
مەن بىلەن شۇنىڭكى.
ئوينىغىلى قويماسەن،
ئەمدى نۆۋەت بىزنىڭكى.

كۆڭلىكىڭدە قوش تۈگمە،
دۈشمەنگە بىلىنىپ ئەگمە.
خۇدايىمغا تاپشۇردۇم،
مەندىن ئۆزگىگە تەگمە.

زىبادۇر سېنىڭ بويۇڭ،
ئەجەب ياخشىدۇر خۇيۇڭ.
جېنىم ئۈكام، ياتلارغا
بولمىسۇن سېنىڭ تويۇڭ.

تورۇق يورغا يۇرۇشلۇك،
قامچا سالماس ئۆزىگە.

قىز ـ چوكانلار تەلمۈرەر
يىگىتلەرنىڭ كۆزىگە.

ئاتايمىكىن بۇ تاشنى،
ئاتمايمىكىن بۇ تاشنى؟
ئاناڭ جادۇ قارغايدۇ،
ئەمدى كۆرسۈن ئويناشنى !

ئالمىلار پىشىپ قاپتۇ،
شاخ ـ شېخىدا مەي بولۇپ.
يار بىزدىن يامانلاپتۇ،
بۇلۇت توسقان ئاي بولۇپ.

تۇنۇگۇن بۇ چاغىدا،
چاي قاينار ئوچاقىدا.
ئۆلتۈرسەڭ مېنى ئۆلتۈر،
يارىمنىڭ قۇچاقىدا.

ئاختامىدا ئاق داڭگال
تاش بولالمىدىم، دەيدۇ.
ئويناپ قانمىغان كۆڭلۈم،
ياش بولالمىدىم، دەيدۇ.

ئۆرۈك شېخىمۇ كۆككەن،
ئالما شېخىمۇ كۆككەن.
ئەلنىڭ ئاغزىدىن ئۇقسام،
يارنىڭ ئاشىقى كۆپكەن.

ئاسماندىكى بەش يۇلتۇز
ئۇكەر بولۇپ ئۆرلەيدۇ.
ئاتا ـ ئانامدىن سوراپ باق،
مېنى قاچان ئۆيلەيدۇ؟

هاراق ئىچتىم، بوزا ئىچتىم،
دانىخان داڭلىق بىلەن.
ئاچچىقى كەلسە ئۇرادۇر،
قەلىقەي ياغلىق بىلەن.

ئات مىندىم دېگەنبىلەن،
ئېگەرى بولمىسا بىكار.
يار تۇتتۇم دېگەنبىلەن،
كۆڭلى بولمىسا بىكار.

موللىنى قايدىن بىلۇرسەن،
سەللىسىدە قەلىمى.
يېڭى يارنىڭ ئوتى يامان،
كونا يارنىڭ ئەلىمى.

بوگۈن ئايغا ئون يەتتە،
يارىم كېلەر ئەلۋەتتە.
يارغا يۈز كېلەلمەستىن،
يۈرىمەن خىجالەتتە.

بۇ هويلا يوغان هويلا،
ئەتراپى غازاڭ هويلا.

ئاكام سىنى ئالارمۇ،
ئولتۇرۇپ تازا ئويلا.

تام ئۈستىگە تام قويدۇم،
شامالدىن دالدا بولسۇن دەپ.
يار ئۈستىگە يار تۇتتۇم،
يۈرەككە پايدا بولسۇن دەپ.

بۇ دۇنيادا ھەممە نەرسە
تۇگەيدۇ قۇرۇپ.
پاك مۇھەببەت قالىدۇ
مەڭگۈلۈك بولۇپ.

باغقا بۇغداي تېرىسام،
يالاڭ بۇدۇشقاق بولغۇدەك.
ئۆيدە چاي، تۇز تۈگىسە،
خوتۇن ئۇرۇشقاق بولغۇدەك.

ئىشىك ئالدىدا قۇدۇق،
قۇدۇق تۈۋىدە تۇردۇق.
شۇنچە چوڭلار ئوينايدۇ،
بىزمۇ ئوينىغاچ تۇردۇق.

بىر ياخشى ئېتىم بولسا،
تاغدا ئوينىمايمەنمۇ؟
كۆڭلۈمدىكى يار بولسا،
يېتىپ ئۇخلىمايمەنمۇ؟

يار بىلەن بارايمۇ مەن،
يولىدا قالايمۇ مەن؟
يامانلىغان شۇ يارنىڭ
كۆڭلىنى ئالايمۇ مەن؟

ئالما گۈلى قىسماقلار،
توزۇپ كېتىدۇ يەرگە.
چىرايلىقنى سۆيمەڭلار،
تېگىپ كېتىدۇ ئەرگە.

يارىمنىڭ قارا چېچى
چۈشۈپتۇ ياقاقىغا.
يارىمنى سۆيۈپ قويۇپ،
ئۆلەيمۇ تاياقىغا؟

ئۆگزىگە چىقىپ تۇرسام،
چار توخۇ پالاقلايدۇ.
قىزنى سۆيۈپ قويسام،
ئانىسى ۋالاقلايدۇ.

قاراڭغۇدىن قورقمايمەن،
ئوڭ قولۇمدا تېشىم بار.
چۈلۈقايغا بارمايمەن،
چوقۇردا ئاداشىم بار.

قاش قاراسى بولمىسا،
قەشقەر دېگەن قانچە يىراق.

ئۇپا ـ ئەگلىك بولمىسا،
ئايدەك جۇۋان ئىتقا يالاق.

قارا قاش كىردى بازارغا،
قېشىنى بازارلىتىپ.
ئۆزى خۇشال يۈرەمدۇ،
بىزنى سەرگەردان ئېتىپ.

قارا ـ قارا قاشلىقىم،
ئۇزۇن ـ ئۇزۇن چاچلىقىم.
قارا قاشنى دەپ يۈرۈپ،
قارغا قالدى ئاشلىقىم.

قېشىڭىزنىڭ قارىسى
ئوسمىنى پەيدا قىلۇر.
چېچىڭىزنىڭ ئۇزۇنى
يىگىتنى شەيدا قىلۇر.

قاشنى قاشقا ئۇلىسا،
يېتەمدۇ قاشنىڭ بويىغا؟
خۇدايىم سىلىپ قويۇپتۇ،
قارا قاشنىڭ كويىغا.

قاشلىق ئەتمىسەڭ، يارىم،
قېشىڭ ساڭا يەتمەمدۇ؟
ئىككى ئويناش تۇتقۇچە،
بىر ئوينىشىڭ يەتمەمدۇ؟

مەن ئېيتارمەن كۆكۈل ئۈز دەپ،
بۇ كۆكۈل ئۈزۈلمەيدۇ.
كۆكۈل ئېيتۇركى، ئەي نادان،
كۆكۈل بەرگى ئۈزۈلمەيدۇ.

سارىخان تىلى تاتلىق،
كۆڭلىدۇر ئەجەب قاتتىق.
ئىشكتىن چىقالمايدۇ،
مەن كەلسەم كېچە ئاتلىق.

سارىخان كىچىك ياشلىق،
ئاي يۈزلۈك، قارا قاشلىق.
ئىشككە چىقالمايدۇ،
ئاتا - ئانىدىن باشلىق.

يار ئىشىكىدىن ئۆتتۈم،
ئالما شېخىنى تۇتۇپ.
سەن ئۆيۈڭدىن چىقمايسەن،
مەن تالادا قان يۇتۇپ.

توپ تېرەكنىڭ تۈۋىدە،
توپ ئوينىغان قارا كۆز.
مېھرىبانىنى كەلدى دەپ،
مەش ئوينىغان قارا كۆز.

ئاندا - ساندا گەپ قىلىپ،
ئالداپ يۈرگەن قارا كۆز.

بىر قارىسام كۆزىڭىز،
يۇلتۇز ئوخشاش، قارا كۆز.

چېچىڭىزمۇ قاپقارا،
قۇندۇز ئوخشاش، قارا كۆز.
ئېرىقىڭىز ئىچىدىن
ئۆردەك ئۆتەر، قارا كۆز.

چاپىنىمنىڭ يېڭى تار،
ساپسام قولۇم قانداق پاتار؟
بىزنى كۆيدۇرگەن ئايىسخان
ئۆيىدە قانداق ياتار؟

باغقا كىردىم كېچىلەپ،
ئايىسخاننى يېتىلەپ.
ئايىسخاننى سۆيۈۋالدىم،
گۈل تۈۋىدە پەپىلەپ.

ماش رەڭ ياغلىق سېلىپسىز،
يېڭى ئايدەك شولىتىپ.
رەۋىخاننى تاشلىۋەتتۇق،
ئايىسخاننى ئۆگىتىپ.

جىغىر - جىغىر قارلىغاچ،
قاناتلىرى ئالىماش.
ئىشىكىڭگە مەن كەلدىم،
ئايىسخان، ئىشىكنى ئاچ.

ئىشىكنى قىيا ئېچىپ،
ئېچىپ كەينىگە قېچىپ،
نېمە ئانچە قىينايسەن،
يۈرىكىمگە ئوت يېقىپ؟

قارا قۇش قۇشلىغىلى،
ئەرلەر كېرەك، بىلەك كېرەك.
ئوسمىسى چارەك جۇگاننى
سۆيگىلى تاقەت كېرەك.

قارا غوللارنىڭ سۈيى
قاراڭغۇ باغلارغا ئاقۇر.
ئوسمىسى چارەك جۇگان
يۈرەككە ئوتلارنى ياقۇر.

پاشاخان، ئۆيۈڭ نەدە،
سايۋاغدىكى لەڭگەردە.
چۈشۈمگە كىرىپ قاپسەن،
چاھارشەنبە سەھەردە.

پاشاخاننى ئېلىۋالسام،
يۈرىكىمگە تېڭىۋالسام.
ئۆلۈپ كەتسەم ئارمان يوق،
مۇرادىمغا يېتىۋالسام.

پاشاخان بەرگەن بىلەزۈكنى
سېلىۋالسام بىلەككە.

يار جامالىنى كۆرۈپ،
ئوتلار كەتتى يۈرەككە.

سىرلىق ساندۇق سىرلايمىز،
يىپلىم بىلەن ھىملايمىز.
ئالدىرىمىسىلا، پاشاخان،
ئەتە ئۆيگە چىللايمىز.

ۋاپايىڭ بارمۇ دەپ،
چەندان يۈگۈردۈم.
ۋاپايىڭ يوق ئىكەن،
ئەمدى تۆگۈندۈم.

ۋاپايىڭ بولسا يار،
چامداپ يۈگۈرسەم.
تىلىمنىڭ ئۇچىدا،
ئىمان ئىبەرسەم.

ئىمانىمنى ئوقۇپ،
كەلسە قېشىمغا.
دۇئا دەڭلار مېنىڭ،
تەلەي قېشىمغا.

قارا ساچىم ئۆسۈپ،
قېشىمغا چۈشتى.
ئېغىر كۈنلەر مېنىڭ
بېشىمغا چۈشتى.

چىنىلەر سۇنۇپ كەتتى،
چەينەكلەرگە دەز كەتتى.
ئۆستەڭ ياقىلاپ يار تۇتسام،
بىر سۆيۈپلا داڭ كەتتى.

دوستلىرىمنى سەيلەتىپ،
ئارغامچا بولدۇم دارىغا.
دۈشمىنىمنى چىقمىسۇن دەپ،
چىقمىدىم ئاشكارىغا.

چىرايىڭمۇ كىلىشكەن،
قامىتىڭمۇ جايىدا.
ۋاقىت يەتتى، تويدۇڭمۇ،
سەنمۇ قالما سايىدا.

بەگ - غوجاملار سىرلاپتۇ،
ئېگىز ئوردا، تەختىنى.
خالايىقلار، تىلەڭلار،
ئىككىمىزنىڭ بەختىنى.

بارغۇدەك باغ بولسىچۇ،
ئولتۇرغىلى جاي بولسىچۇ.
يار بىلەن ئات چاپقىلى
تۇپتۇز بىر ساي بولسىچۇ.

سەن مېنى يارىم دېسەڭ،
كۈندە كۆرۈشسەك.

كۆڭلىمىزنىڭ دەردىنى
شۇندا بىلىشسەك.

ئاسماندىكى بىر يۇلتۇز،
ئاينىڭ نۇرىمەن دەيدۇ.
يېنىمدىكى بىر چوكان،
ئاشنا بولىمەن دەيدۇ.

ئاشنا بولىمەن دەيدۇ،
جانغا كۆيسە بولمامدۇ؛
ئادەم بالىسى تولا،
قەدرىنى بىلسە بولمامدۇ؛

رەڭمۇرەڭ گۇللەر ئېچىلدى،
ئەتىيازدىن كۈزگىچە.
هەر كىشى يارىنى تاپسا،
شىۋىقەدىرى شۇ كېچە.

تاشار يولى تاشلىقكەن،
جۇگانلىرى قاشلىقكەن.
تاشارنىڭ جۇگانلىرى
قۇمۇللۇقتا ئاشىقكەن.

هاي ـ هاي تېرەك، هاي تېرەك،
خانىم، سىزگە كىم كېرەك؟
ئېگىز بويلۇق يىگىتكە
ئوتتۇرا بويلۇق قىز كېرەك.

تاغ يوللىرى شېغىللىق،
ھارۋىلىرى رېغىر - رېغىر.
يېڭى يارنى يار دېمەڭلار،
كونا يار يۈرەك - بېغىر.

يېڭى يارنى يار دېمەڭلار،
يېڭى يار يالغانچىدۇر.
كونا يارنى تاشلىماڭلار،
يېڭى يار ئالۋانچىدۇر.

گۈل بىلەن سوقسام تىكەننى،
گۈل بولۇر، گۈللەر بولۇر.
باشقا قونغان قارغىلار،
يار ئالدىدا سەرسان بولۇر.

يىگىتلىك باشقا دۆلەتتۇر،
قېرىلىق جانغا مەينەتتۇر.
يىگىتلەر، ياخشى ئويناڭلار،
بۈگۈن، تاڭلا قىيامەتتۇر.

يارىم، ئىشلىرىڭ يامان،
ئالدىم قولۇمغا تاشنى.
دۈشمەن ئارىلاپ قاپتۇ،
ئەمدى كۆرۈڭ ئويناشنى.

ئېيتىڭلار مېنى يارغا،
چېقىڭلار مېنى يارغا.

چېچىمدىن ئۈچ تال ئېلىپ،
ئېسىڭلار مېنى دارغا.

ھاۋادا پارچە بۇلۇت،
ئاسماننى تۇمان قىلىدۇ.
بىرگىنە پەيلى يامان
ياخشىنى يامان قىلىدۇ.

شۇر ـ شۇرغىنا سۇ كېلىدۇ،
تۇگمەنلەر جۇرغاسىدىن.
خۇدايىم پاناھ بولسۇن،
چوكانلارنىڭ جۇداسىدىن.

يارىڭ بەرگەن مارجاننى
تاشلىما تۇمانلارغا.
خۇدا بەرگەن جانىڭنى
خار قىلما يامانلارغا.

دەرياغا تاشقىن كەلگۈدەك،
تاشنى ئېلىپ توغاننى تۇت.
ياخشىغا بولسا مەيلىڭ،
ياماننى قويۇپ ياخشىنى تۇت.

ئات بويىندا جوغىلار،
بېشىدا يۈگەن ـ نوختا.
ئاچچىقىڭ تولا كەلسە،
سەۋر قىل، بىرە توختا.

ياخشىلارغا دوست بولساڭ،
ھەردەم ئاغزىڭغا ئالۇر.
يامانلارغا دوست بولساڭ،
كوچىدا غەيۋەت قىلۇر.

گۈل ئاچىلۇر گۈلىستاندا،
توزۇيدۇ زىمىستاندا.
ئۆزۈڭنى ئېگىز تۇتما،
يارىڭمۇ گۆرىستاندا.

ئەتىيازنىڭ سوغىدا
ئۇششۇپ قاپتۇ غورىلار.
ئادىشىنىڭ قوينىدا
ئۇخلاپ قاپتۇ ياش باللا.

ئەتىيازنىڭ پەسلىدە،
ئۇزۇم سۇيى بەلغەم قىلۇر.
ھەرقانچە قاشاڭ جۇگاننى،
ئاشنىسى ئىلدام قىلۇر.

بەش داۋان راۋان چىقسام،
داۋان يولى تۇز كۆرۈنەر.
شاھى كۆڭلەك ئىچىدە،
قىبرى .موماي قىز كۆرۈنەر.

ھاۋادىكى ئىككى قۇش،
بىرى باغلاق، بىر بوش.

ئاخشىمى ياتسام كۆڭلۈم خۇش،
ئەتىسى قوپسام قوينۇم بوش.

كېۋەز تېرىدىم تۈزگە،
ئاچىلدى كەچ كۈزدە.
سىزنىڭ كۆزىڭىز بىزدە بولسا،
بىزنىڭ كۆزىمىز سىزدە.

تال چىۋىقنى ئېگىپ ـ ئېگىپ،
مېنى سوقالمايسەن.
ئاتا ـ ئانىسى يوق بالا دەپ،
ئانىي تاپالمايسەن.

سايراڭ، بۇلبۇلۇم،
گۈلنىڭ بەرگىدە.
جانلار قاقشىسۇن،
يارنىڭ دەردىدە.

ئاخشىمى تولا مېڭىپ،
قالدى ئۆتۈكنىڭ پاشنىسى.
بىر ئەمەس، ئىككى ئەمەس،
ياش باللانىڭ ئاشنىسى.

بېغىڭدىكى شوخ گۈلنى
قولۇم يەتمەس ئۈزۈشكە.
مۇرادىغا يەتكەن يار
ئۆلسە كىرەر بېھىشكە.

دوست بولايلى دېسەمەن،
قېچىپ كەتتى شۇ قىزچاق.
قاچسىمۇ قېچىۋەرسۇن،
شۇ قىزچاققا مەن ئامراق.

تاماكا سالاي دەيدۇ،
خالتىنى تاپالمايدۇ.
كۆڭلۈمنى ئېلىڭ دەيدۇ،
خالىي جاي تاپالمايدۇ.

سازلىقتىكى ئۆردەكنى
بىلمىگەنلەر غاز دەيدۇ.
دەرد ئۈستىگە دەرد قوشۇپ،
تويىنىڭ ۋاقتى ياز دەيدۇ.

قارچىغىنى قۇشلايمەن،
تۇلكىگە قاپقان قۇرۇپ.
يارىم بىلەن ئويناىمىز،
دۈشمەننى داغدا قويۇپ.

تۈگمىنىمنىڭ نورى ساز،
چۆرگىلەيدۇ قىشمۇ ياز.
توي تارتىپ باراي دېسەم،
يانچۇقۇمدا پۇلۇم ئاز.

تاياقنى سۇندۇرۇۋېلىپ،
مىلتىق سۇمبە راسلايمەن.

دۈشمەن كۆڭلىنى تىندۇرۇپ،
ئاخىر ئۆزۈم ئۈينايمەن.

ھېيتتا ناغرا چالغاندا،
تەڭكەش بولىدۇ سۇناي.
يار بىلەن تېپىشقاندا،
دۈشمەن كۆزىدە ئويناي.

سۇلار كەلدى شارقىراپ،
مۇز ئۈستىدە غارقىراپ.
يېڭى چىققان چوكانلار
تاز ئۆچكىدەك ۋارقىراپ.

مەن ئاتىمنى مىنمەيمەن،
تۆت پۇتىنى تاقىلاپ.
چوكانلار كېلەر بولدى،
كېچىدە تام ياقىلاپ.

ئۇيقۇم كەلدى كېچىسى،
كۆزۈم يۇمۇلدى.
بوينۇمدىكى تۇمارنىڭ
بېغى ئۈزۈلدى.

رو چىۋىنىنىڭ ھالىنى
يولدا رەۋەندىدىن سوراڭ.
ياش يىگىتنىڭ ھالىنى
سېكىلەك جوگانلاردىن سوراڭ.

قاراقاشقا تولا بارماق،
قاراقاش ئالۋانچىدۇر.
كونا يارنى تاشلىماڭلار،
يېڭى يار يالغانچىدۇر.

يېڭى يار باشلاپ بېرىپ،
كىشىنى ئىزاغا ئۆلتۈرەر.
كونا يار باشلاپ بېرىپ،
تاۋاق - تاۋاق گۈل كەلتۈرەر.

كونا يارنىڭ تۇرۇشى
ئالما، ئۆرۈك بوستان تويى.
يېڭى يارنىڭ تۇرۇشى
كونا سامانلىق، چىم تويى.

ئىشىك ئالدىڭدا بىر تۈپ چىنار،
ئولتۇرار بوز قارچىغا.
پۇتلىرى بوغۇم - بوغۇمدۇر،
كۆزلىرى بوز توماچا.

مەن ئاكامغا خەت ئەۋەتتىم،
ئالتۇن تۇگۇچ كاتاچا.
ئاكام ماڭا نېمە ئەۋەتسۇن،
ئايغا ئوخشاش ئاغاچا.

مەن ئاكامغا تون پىچۇرمەن،
تاختا - تاختا گۈل بېسىپ.

نىمىدە باغلىق ئېتەرمەن،
قارا زۇلپىمنى كېسىپ.

زۇلپىكەش، ئاھ زۇلپىكەش،
كەل، خېنىم، زۇلپىڭنى يەش.
ئىككى دەردمەن بىر بولۇپ،
ئىچىڭدىكى رەنجىڭنى يەش.

بازارغا بارسام،
يول بولسۇن دەلا.
يېرىم سەر چاي ئېلىپ،
ئالغاچ كېلەلا.

يېرىم سەر چايلىرى
چۆگۈندە تۇرسۇن.
سىلىنىڭ قىلغانلىرى
يادىمدا تۇرسۇن.

دەريا ئىچىدە
قارا چىپار تاش.
تاشقا دەسسىسۇن،
زالىم قارا قاش.

قارا قاش ئولتۇرار،
ھۇجرا ئىچىدە.
قىزىلگۈل ئېچىلۇر،
باغچە ئىچىدە.

قىزىلگۈل ئېچىلىپ،
چىمەنە بولدى.
ساڭا كۆيگەن كىشى
دىۋانە بولدى.

دىۋانىلەرنىڭ
يوقتۇر ماكانى.
ھەرجايغا بارسا
ۋەيرانە خانى.

تام تۆپىسىدە ئولتۇرار،
ئىككى دانە گۈزگىتەك.
ئوڭ قولۇمغا يارىشار،
يارىم بەرگەن شاختەك.

شاختەكنى بەك تۇتۇڭ،
ئالتۇن ئۈزۈككە باغ بولار.
يارىڭىزنى چىڭ تۇتۇڭ،
يۈرىكىڭىزگە ياغ بولار.

ياخشى خۇيۇم، يامان خۇيۇم،
بىلىپ قىلىڭلار.
ئاراڭلاردىن چىقىپ بېرەي،
قويۇپ بېرىڭلار.

سەندەك شىڭگىلتاق،
مەيداندا ياتۇرمۇ؟

سوراپ باقىن تاشتۆمۈردىن،
پۇلغا ساتۇرمۇ؟

سەندەك شىڭگىلتاق،
مەيداندا ياتامدۇ؟
ئۈچ داچەنگە، تۆت داچەنگە،
نەشە ساتامدۇ؟

ساتسا ئالارمىز،
سانسىز گۆھەرگە.
ئەرزىمنى ئېيتاي،
بىر بار ئىگەمگە.

سەندەك شىڭگىلتاق،
ھېچ باغدا يوقتۇر.
ھەرجايدا بولسا
سېنىڭچە يوقتۇر.

دۆلەت شۇڭقارى،
ئىلكىمدە ئۆچتى.
تورغاينى قوغلاپ،
باغچامغا چۈشتى.

باغچامغا چۈشسە،
قانداق ئالۇرمىز؟
چۆللەرگە كەتسە،
قايدىن تاپۇرمىز؟

ئۆرگەلدى پەلەك،
چۆرگەلدى پەلەك.
كىمنىڭ يارىسەن،
مايماق سىكىلەك؟

ئۆرگەلدى پەلەك،
چۆرگەلدى پەلەك.
نېمانچە ئۇزسەن،
دومباق سىكىلەك؟
كىمنىڭ قىزىسەن،
نايناق سىكىلەك؟

ئېگىز تاغقا چىقماڭ، خېنىم،
ئۇچۇپ ئۆلەرسىز.
چىرايلىققا كۆڭۈل بەرمەڭ،
كۆيۈپ ئۆلەرسىز.

ئېگىز تاغنىڭ ئۇيانىدا،
قامچام قېلىپتۇ.
قامچا بويلۇق يىلۋا گاداي،
بۇغداي تېرىپتۇ.

بۇغدىيىنى ئورا - ئورا،
بېلى تېلىپتۇ.
ئورغىقىنى قىرغا تاشلاپ،
ئۇخلاپ قېلىپتۇ.

ئويغىتايمۇ، ئويغاتمايمۇ،
راسا ھېرىپتۇ.
ئويغاتمىسام دېمەسمۇ ئۇ،
مەندىن تېنىپتۇ.

تاغدا ئۇلاغ ئوتلايدۇ،
باغدا كاككۇك سايرايدۇ.
بىز ئىككىمىز سۆيۇشسەك،
ماراقچىلار مارايدۇ.

ئاق ئۇنۇڭنى يېمەيمەن،
ئاق ئۇنۇڭدا مىته بار.
يېڭى يارنى سۆيمەيمەن،
كونا يارنىڭ ئوتى بار.

ئالا ئاتنىڭ بالىسى،
سۆڭگۈچىدە ئالىسى.
يېڭى تۇتقان يارىمنىڭ
قۇچىقىدا بالىسى.

ئات بېشىدا ئارغامچى،
ماڭمىسا ئۇرار قامچى.
كونا يارنى تاشلىماڭ،
يېڭى يارلار يالغانچى.

يۇلغۇننى قىيىپ قويدۇق،
قۇرۇسا قالارمىز دەپ.

قىز بالا كۆرۈپ قويدۇق،
چوڭىسا ئالارمىز دەپ.

بۇلۇت ئايغا دالدا بولدى،
چىقمىدى ئاي پارىسى.
يار بىلەن شىپا تاپار،
بۇ يۈرەكنىڭ يارىسى.

بۇ تېرەك ئېگىز تېرەك،
قاغا قونمىغان تېرەك.
باشقا دەرد ـ ئەلەم كەلگەچ،
يارغا قانمىغان يۈرەك.

چۆلدىن چىققان چىلبۆرە
قوم باغرىدا ياتىدۇ.
دۈشمەن سالغان قۇلۇپنى،
يارىم ئۆزى ئاچىدۇ.

ئايدىڭ بولدى كۈندۈزدەك،
قويلار ياتتى يۇلتۇزدەك.
يار يېنىغا مەن بارسام،
دۈشمەن ياتتى توڭگۇزدەك.

بازارغا بارىلى دەيسىز،
بارساق خەجلەر پۇل نەدە؟
كۆڭلەك ئالىلى دەيسىز،
ئالساق خەجلەر پۇل نەدە؟

كونا ئۆينى چۇۋۇسام،
ئاچچىق ئىكەن توپىسى.
بار ھۈنەرنى ئۆگەتكەن،
پىشىپ كەتكەن ئاپىسى.

ئالما يېگۈم كېلىدۇ،
نەگە بېرىپ ئالما يەي؟
ھاشىخان يامانلاپتۇ،
قېينانامغا نېمە دەي؟

مەن پوتامنى باغلىدىم،
گەزلەپ قىزىل تاۋاردا.
تېخى تۇتمىغان يارغا
گەپ بولۇپتۇ تالادا.

ماڭا نېمە ھال قوندى،
چاپان يەتمەي تىزىمغا؟
ساڭا نېمە ھال قوندى،
يىگىت چىقماي قىزىڭغا؟

تام ئۈستىگە لىم قويسام،
لىم توختىماي لىڭشىيدۇ.
يارنى كەچتە كەل دېسەم،
بويۇن تولغاپ غىڭشىيدۇ.

چاي ئىچمىسىز بىر چۆگۈن،
ماڭا قاپتۇ شامىسى.

مېنى ياردىن ئايرىغان،
قورۇق باسقان ئانىسى.

پېشىلدايدۇ كۆيمەيدۇ،
هۆل سۆگەتنىڭ ئوتۇنى.
بوپقالماڭلار، چوكانلا،
پۇلى جىقنىڭ خوتۇنى.

ئەسلىي يۇرتىمىز باغچى،
هۇنەر - كەسپىمىز تاغچى.
تاغچى دەپ ياراتماپتۇ،
يارنىڭ دادىسى ياغچى.

ئۇخلىمايدۇ كېچىسى،
مەلىدىكى چارلامچى.
يىراق تۇرۇڭ قېشىمدىن،
گەپ توشۇغاچ جالامچى.

دورا قىلساڭ بولماسمۇ،
مەيدەڭدىكى چالاشقا؟
نېمىشقىمۇ تەگكەنسەن،
ئۆزۈڭدىن چوڭ چار باشقا؟

توختاخۇن كەپتەر،
تاماكا سەپ بەر.
تاماكاڭنى چەكمەيمەن،
يارىمنى تەپ بەر.

يارىم نەگە كەتتى،
كېرىيىگە كەتتى.
ئەتە ـ ئۆگۈن كېلەمدۇ،
يۇرەككە ئوت كەتتى.

ئاق كەپتەرمۇ ئۇنلەمچى،
كۆك كەپتەرمۇ ئۇنلەمچى.
چۈشەنمەيدۇ كۆڭلۈمنى،
ئېرىم دېگەن كۇنلەمچى.

توقىچاق شاپتۇل،
سوقىچاق شاپتۇل.
تاز خوتۇننىڭ ئاشنىسى
كەپشەرۋاش ئابدۇل.

دىلىمنىڭ ئاقلىقى ياخشى،
بېشىمنىڭ ساقلىقى ياخشى.
سېنىڭدەك بىۋاپا ياردىن
ئۆزۈمنىڭ ئاقلىقى ياخشى.

بىلمەيمەن نېمە بولدى،
ئاغزىم تاتلىشىپ كەتتى.
دۈشمەننىڭ گېپى بىلەن،
يارىم ياتلىشىپ كەتتى.

تاجىخانغا كۆيمىگەن
خوتەندە ئامبال قالمىدى.

تاجىخانغا كۆيگەننىڭ
قوڭىدا تامبال قالمىدى.

تاغنىڭ باغرىدا يايلاق،
يايلاقتا تۆگە ـ تايلاق.
يار ماڭا ئىشەنمەيدۇ،
ئارقامدا شۇڭا پايلاق.

كېچە ئۆتتى سەھەر بولدى،
يارىم ماڭا تە بولدى.
ئارىدىكى گەپلەرنى
ئانىسىغا دە بولدى.

يارنىڭ چاپىنى مەللە،
ئېسىۋالغىنى تەللە.
ئارىمىزنى بۇزماقچى،
ھىڭگاي چىش قېرى دەللە.

تەڭلىمات كىگىز سېلىپ،
ئايۋاننى گۈلزار ئەتتىلە.
قىزلىرىنى ئانكوملاپ،
نېمانچە ھالدار ئەتتىلە؟

تاۋىكا تۇزەر بولدۇم،
ئەسكى تامنىڭ تۇۋىگە.
كۆڭۈل بېرىپ يۇرمەيمەن،
ئەر چىقمىغان بۇۋىگە.

يەملەي دىسەم چۆگۈننى،
تۆگەپ قاپتۇ دانىكا.
مەيلىم يوققا تەگمەيمەن،
زورلىمىغىن، ئانىكا.

سىنىڭ يارىڭ تامچىمۇ،
مىنىڭ يارىم خامچىمۇ؟
مەيلى يوقنى سۆيگىنىم،
باشقا تەگكەن قامچىمۇ؟

تۇتقان يارىڭ يوغانچى،
بەرگەن گۆشى تۇغرامچى.
ئاشۇنچىلىك ھالىغا
چوڭ سۆزلەيدۇ نىمانچى؟

يارىم بەرگەن ئالمىنى،
پەشتاختىغا ئەپ قويدۇم.
ئاپىسىنىڭ پەيلىنى
سىڭلىمغا دەپ قويدۇم.

ئانار سالساڭ ھۆلگە سال،
ياڭاق سالساڭ كۆلگە سال.
مەيلىڭ بولمىسا، يارىم،
ئوچۇق ئېيتىپ يولغا سال.

بىر بالاغا سالدىلا،
ئىككى بالاغا سالدىلا.

پۈتى باغلاق بوز لىچىندەك،
ئىنتىزارغا سالدىلا.

بارغانلاردىن، يانغانلاردىن
سېنى سورايمۇ؟
سېنىڭ ھالىڭ نە كەچتى،
ئۆزۈم بارايمۇ؟

باغدا قىزىلگۈل،
سايرايدۇ بۇلبۇل.
ھەر جايدا بولماس،
سەندەك قىزىلگۈل.

ھەرجايدا بولسا،
سېنىڭچە بولماس.
شاخىدا بۇلبۇل،
نازىڭچە بولماس.

ئامان بولسۇن، ئامان بولسۇن،
دوستلىرىم ئامان بولسۇن.
دوستلىرىمغا قەست قىلغان،
يەر بىلەن يەكسان بولسۇن.

سېرىق سەبدە تولۇن ئايىم،
يۈزۈڭگە نۇر ياراشىپتۇ.
سېنىڭ ئوتۇڭ – پىراقىڭدا،
يۈرەككە ئوت تۇتاشىپتۇ.

باغ ئىچىدە بوستانلار،
يارىشىپتۇ چوكانلار.
سارىخاننىڭ دەردىدە،
ئاقتى كۆزۈمدىن قانلار.

گۈلزارنىڭ ئارا چۇغلۇق،
گۈلزار ئىچى بۇلبۇللۇق.
گۈلنىڭ گۈلى سارىخان،
سىزگە سىغىنىپ قۇللۇق.

سارىخان قىزىلگۈلدەك،
بىز ئىشقىدا بۇلبۇلدەك.
سارىخان كۈلۈپ قويسا،
خىزمەت قىلىمىز قۇلدەك.



Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "NDAyMDk5NTkuemlw",
"filename_decoded": "40209959.zip",
"filesize": 18836418,
"md5": "3684d7afd123d3819de236072c3140b6",
"header_md5": "2e23da642b7126fd1f17f3ef5d087186",
"sha1": "e924c8988b09c51095378008232b9c349778fe06",
"sha256": "f7aa42c2200dcad2041638fb1a01be3909a565be27e66108264dc256b46b9204",
"crc32": 2534569904,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 20152081,
"pdg_dir_name": "\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u251c\u00b1\u255d\u03a3\u2555\u03a6\u2565\u00d1 \u2565\u2557 \u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40209959",
"pdg_main_pages_found": 305,
"pdg_main_pages_max": 305,
"total_pages": 313,
"total_pixels": 1194836736,
"pdf_generation_missing_pages": false
}